# شنجاڭ پەلسەپە-ئجتمائي پەن ئلمي جەمئيەتلري برلەشمسي خەۋري

# 新疆社联通讯

2
1988




1. شىنجاڭ «قۇتادغۇ
بىلىك» تەتقىقات ئىل-
مىي جەمئىيىتى ئۈرۈم-
چىدە قۇرۇلدى.



2. ۋەكىللەر «قۇتادغۇ
بىلىك» تەتقىقات ئىل-
مىي جەمئىيىتىنىڭ نى-
زامنامىسىنى ماقۇللى-
ماقتا.




3. «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى نەز-
مى ھەم نەسرى نەش-
مىسى بىلەن خەنزۇچە
تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە
قاتناشقان بىر قىسىم
ئالىملار بۇندىن كېيىن-
كى تەتقىقات توغرىلىق
سۆھبەتلەشمەكتە.

شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن
ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى
خەۋىرى

ش ئۇ ئا ر پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن
ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن ئىشلەندى

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى

1988 ـ يىلى 2 ـ سان

( قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان )

# مۇندەرىجە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى، يولداش تۆمۈر داۋامەت جەمئىيەتنىڭ پەخرى باشلىقى بولدى ........................................ 1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................................ 3

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى يولداش فېڭ داجېننىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................................ 8

شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يولداش ئىمىنوپ هامۇتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................................ 10

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆلەۋقاننىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................................ 16

ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................................ 18

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ........................................ 24

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىسىملىكى........................................ 28

« قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئىسىملىكى..... 29
يېڭى قەدەمدىن يېڭى ئۇمىد...... ..........................
(«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)
ئا. ئۆتكۈر ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... 35
« قۇتادغۇبىلىك » نىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى .........................
مەھمۇت زەيدى .............................................. 40
« قۇتادغۇبىلىك » ئىگىسى ـ فەيلاسوف، ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ
ئەخمەت زىيائى ................................................ 46
« قۇتادغۇبىلىك » بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم (شېئىر) ...............
مەھمۇت زەيدى ........ .................................... 49

X X X

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ۋە ئىسلاھات ............ جاۋفىڭچى 51
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى پەلسەپە ئىجتىمائىي ئىلمىي پەن ئىلمىي
جەمئىيەت ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........... 58

# «شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى

1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى.

قۇتادغۇبىلىك — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان چوڭ ھەجىملىك، ئۆلمەس پەلسەپىۋى داستان. قاراخانىلار دەۋرىدىكى (مىلادى 840 - 1212 - يىللار) ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى بولغان بۇ يىرىك بەدىئىي ئەسەر — پەلسەپە، تارىخ، جەمئىيەت، دىن، قانۇن، مائارىپ، ئېتىكا، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات، ئېتنوگرافىيە، دراماتۇرگىيە، ھەربىي ستراتېگىيە، ئىقتىساد ئىلمىگە دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ، شەرق مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەتئەللەردە، ئېلىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك پەن تەتقىقات خادىملىرى قۇتادغۇبىلىكنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى. تۆت يىلدىن بۇيان ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ خەيلار شەھىرىدە، شىمالىي جۇڭگودىكى يەنبيەندە، شىنجاڭ داشۆدە ۋە قەشقەردە بولۇپ تۆت قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلىرى ۋە پايتەختىمىز بېيجىڭدىن بولۇپ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، شىبە، مانجۇ، يىدىن ئىبارەت 12 مىللەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پەن تەتقىقات خادىملىرى ئەزا بولدى.

جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوۋ ھامۇت قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئىلمىي خادىملىرى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملاردىن بولۇپ، 100 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، تۆمۈر داۋامەت جەمئىيەتنىڭ پەخرى رەئىسلىككە، ئىمىنوۋ ھامۇت باشلىقلىققا سايلاندى. مەسلىھەتلىشىش ۋە دېموكراتىك يول بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى سايلاپ چىقىلدى. ئاتاقلىق سەككىز كىشى جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى.

جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى تۈگىگەندىن كېيىن « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ يېڭى سايلانغان رەھبەرلىك ئەزالىرى ۋە « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەزمىي، نەسرى كىتابى ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلەش كەسپى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى باش قوشۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمەتلىرى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك پىكىرلەشتى.

ئەگەر سىز ئۆز قىممىتىڭىزنى ياخشى كۆرمەكچى ئىكەنسىز، دۇنياغىمۇ قىممەت يارىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك —
ليومىڭنىڭ «تۇرمۇش ماڭا شۇنداق ئۆگەتتى» كىتابىدىن —

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىدا قىلغان سۆزى

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، يولداشلار!

بۈگۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت نەزەرىيە خادىملىرى بۇ يەرگە جەم بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىنى ئاچتىڭلار. مەن ئالدى بىلەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە سىلەرگە سەمىمىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر مىللىتى — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگىكى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ئەقىل - پاراستى بىلەن ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىي ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق تارىخىي ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادى 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى مەدەنىيەتنىڭ بىر مېۋىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئالاھىدە تۆھپە. شۇنداقلا ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى پارلاق گۆھەر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق مەركەزلىك ۋە يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇش جانلىق تەسۋىرلەنگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات تەلىپى ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ، تاشقى ئامىل بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەدەبىي ئەنئەنىلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىجادىي ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىسى بېيىتىلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان تاشقى ئامىلدا، ئاساسلىقى ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت جەۋھىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولغان ئەرەب مەدەنىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. داستاندا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت تۇغقانلىق مۇناسىۋەت تېخىمۇ روشەن بىلىنىدۇ.

دەل مۇشۇ ئامىللار تۈپەيلىدىن، «قۇتادغۇبىلىك» كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، 19-ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىز بويىچە شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنى جەلپ قىلدى. ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش خىزمىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلىنىپ، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن زور ئىلگىرىلەش بولدى. ھازىر، كەسپىي تەتقىقات خادىملىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى تەتقىقاتچىلاردىن تەركىب تاپقان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات قوشۇنى ۋۇجۇتقا كەلمەكتە ۋە زورايماقتا، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنى ۋۇجۇتقا كېلىۋاتىدۇ ۋە زورىيىۋاتىدۇ. بۈگۈن شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بۇنىڭ ياخشى ئىسپاتى. بۇ قوشۇننىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە زورىيىشى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا ئۈمىد ۋە جانلىق كۈچ ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنزىرىنى نامايەن قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقات ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تارقاق ھالدىكى تەتقىقاتىدىن تەشكىللىك بىر قوشۇننىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئۆتتى. بۇ، سەل قاراشقا بولمايدىغان غايەت زور بۇرۇلۇش.

بۈگۈن بىز قۇرغان شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى ئاممىۋى خاراكتېردىكى ئىلمىي تەشكىلات بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپ، ھەمكارلىقنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە مەلۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇ ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى كۈچلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىنى ئەستايىدىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. قۇتادغۇبىلىكنىڭ مول مەزمۇنىنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنى پىلانلىق، تەشكىللىك، سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي، مەدەنىيىتى، پسىخولوگىيىسى ۋە مىللىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىلىم ساھەسىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغان ھالدا نورمال، ساغلام يولغا قويۇشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا ئىلىم-پەندە دېموكراتىيىنى جارى قىلىشىمىز، ئىلىم-پەن ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك. تەتقىقاتچىلار تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاش، قانداق تەتقىق قىلىش، قانداق نۇقتىئىنەزەر ۋە يەكۈن ھاسىل قىلىشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزلىرى بەلگىلىشى لازىم. ئوخشاش بولغان زور تېمىنى تەتقىق قىلىدىغان كوللېكتىپ ئىچىدە، تەتقىقاتچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسى ئوخشاشلا پرولېتارىياتچە بولۇپ، مەقسىتى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەش بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە شارائىتلىرى، ئاساسىي سەۋىيىسى، مەسىلىنى كۆزىتىش نۇقتىسى، ئىگىلىگەن ماتېرىيالىنىڭ راس-يالغان، كۆپ-ئازلىقى، تەتقىقاتتىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە يولى، قوللانغان تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاسىل قىلغان كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرى، چىقارغان يەكۈنلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەلۇم مەزگىل ئارقىلىق ئىستىلدا، تەشەببۇستا باشقىچە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرلۈك ئىلىم ئېقىملىرى شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇنداق تۈرلۈك ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ

بەس ـ بەستە راۋاجلىنىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان يېڭى ماتېريال، يېڭى پىكىر، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى يەكۈن كەشپ قىلىنىپ ۋە ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتە ھەممە گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىشتەك گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. تۈرلۈك ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، پەن تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پەننىڭ ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى. بىز ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا كۆپلىگەن ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق تۇپراق، كېلىمات ۋە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز.

«ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش روھىنى رىغبەتلەندۈرۈشىمىز ھەمدە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئىناق، جانلىق كەيپىيات يارىتىشىمىز، تەتقىقات ئەمەلىيىتىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقىشىمىز، يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە قوشۇننى چېنىقتۇرۇشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلماي، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز، بىز ماركسىزمچىلارمۇ، تارىخنى ئۈزۈۋەتمەي، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. لېكىن تارىخقا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك «قەدىمنى ماختاپ ھازىرقىنى كېرەكسىز قىلىش، ھەر قانداق فېئوداللىق زەھەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى تارىخقا مەلۇم ئىلمىي ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ دىئالېكتىكىلىق تەرەققىياتىغا ھۆرمەت قىلىش» دېگەنلىكتۇر. شۇڭا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، مەلۇم تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا قويۇپ تەكشۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىكى ئەھمىيىتى ۋە رولىنى بەلگىلىشىمىز لازىم. قەدىمكى كىشىلەرگە خاتا ھالدا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئەنئەنىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئەھمىيىتى ۋە رولىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم. ھازىر بىز «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ئىجابىي ئىدىيە ۋە روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

تاشقى تەسىرگە قاندىق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، مىللىي ئىنكارچىلىققىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە يەكلىمىچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى مىللىي ئىنكارچىلىق تەرەپدارلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى كەمسىتىپ، ئىنكار قىلىپ، چەتنىڭ نەرسىلىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ ۋە ئۇنى مېخانىك ھالدا كۆچۈرۈۋالىدۇ، ھەممىدە چەتنىڭكىنى ياخشى ھېسابلايدۇ. مىللىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە يەكلىمىچىلىك بولسا، پاخالنى جەۋھەر قىلىۋېلىپ، ھەممىدە ئۆزىمىزنىڭ ياخشى دەپ، چەتتىن كەلگەن نەرسىلەرنى قارىغۇلارچە چەتكە قاقىدۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى رەت قىلىدۇ. بىز ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يارامىلىق ۋارىسلىرىدىن بولۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن كۆپ تەرەپلىمە تەنقىدىي ئوزۇق ئېلىشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئاخىردا، شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى يولداشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ئارقىلىق كەڭ ئەزالارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەتقىقات جەمئىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە شۇ پەن ساھەسى بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇشنى، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتتە نوپۇزلۇق تەسىر پەيدا قىلىدىغان قىلىشنى، يېڭى نەزەرىيە نەتىجىلىرى بىلەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار! دەۋر نەزەرىيە خىزمىتىدىكى ئىقتىدارلىقلارنى چاقىرماقتا. نەزەرىيىۋى غەيرىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كەلگۈسىگە، دۇنياغا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىپ، ماركسىزملىق ئىجتىمائىي پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسايلى!

يولداشلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتىدە يېڭى، مول نەتىجىلەر قازىنىشىنى تىلەيمەن.

> كىشىلەر جىددىي بولمىسا، تىرىشمىسا، تەر ئاققۇزۇشنى ۋە ھېرىپ چارچاشنى ئويلىمىسا، تەقەززالىق ۋە ئەنسىزلىكنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىسە، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.
>
> — ۋ. ئا. سوخوملىنسكى —

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى يولداش فېڭ داجېننىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

يولداشلار!

بۈگۈن بىز داغدۇغىلىق بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم ۋە نەزەرىيە ساھاسىدىكىلىرى ئۈچۈن چوڭ ئىش، ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. شۇڭا، قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەتقىق قىلىنىۋاتقىنىغا خېلى يىل بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1982-يىلدىن باشلاپ «قۇتادغۇبىلىك» نى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى قاتارىدا تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسى بىلەن خەنزۇچىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا، نەچچە يىلدىن بۇيان پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» كە باھا بېرىدىغان ۋە ئۇنى تونۇشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىلمىي ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كەلدى. شۇڭا، بىز بۈگۈن بۇ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرۇلۇق توختالغىنىمىزدا، «پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، شەرت-شارائىت تولۇقلاندى، دەل ۋاقتىدا بولدى» دەپ ئېيتالايمىز. ئەگەر بىز مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرالمىساق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەلەپكە ماسلىشالمىغان بولاتتۇق. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدىغان مۇھىم باسقۇچ. مەن، بۇ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغانلىقىغا ھەمدە

ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى — ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھازىرغا قەدەر قۇرۇلغان مەخسۇس بىر پەننى تەتقىق قىلىدىغان تۇنجى جەمئىيەت. مەن «قۇتادغۇبىلىك» نى مەخسۇس پەن قاتارىدا تەتقىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەپىس، گۈزەل، پەلسەپىگە باي بولۇشىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدىغان مەشھۇر ئەسەر بولغانلىقىدا. ئۇ 11 - ئەسىردىكى شىنجاڭنى تولۇق چۈشىنىشتە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە بىزنى ئىنتايىن مول ھەم قىممەتلىك ئاساس ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىر چەتئەللەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» نى مەخسۇس پەن قاتارىدا تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئانا يۇرتى بولغان شىنجاڭدا، مۇشۇنداق بىر تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇشىمىز بەكمۇ زۆرۈر ھەم ھەقلىق.

«قۇتادغۇبىلىك» ئونىۋېرسال، كۆپ تەرەپلىمە ئىلىم ساھەسىگە چېتىلىدىغان شانلىق ئەسەر. مۇشۇنداق بىر كاتتا ئەسەرنى ياخشى تەتقىق قىلىشتا، ھەر تەرەپتىكى ئىلىم - پەن خىزمەتچىلىرىگە مۇھتاجىمىز. بۇ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى پەنلەرگە ئائىت مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە باغلىنىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، تەتقىقاتنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا، ھەتتا مەملىكىتىمىزدە مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىملىرىنى ۋە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى قوشۇنى بارلىققا كەلدى، شۇنداقلا پۈتۈن كۈچىنى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا ئاتايدىغان ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقاتچى قوشۇنىمۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقات قوشۇنلىرىدا مول بىلىملىك، ئىلىمگە جىددىي قارايدىغان پىشقەدەم ئالىملار، نەتىجە يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملار، شۇنداقلا قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلارمۇ بار. مۇشۇنداق بىر ياخشى قوشۇننىڭ شەكىللەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرى باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئۈستىگە ئالغانلىقى، بىزنى بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىمىزدە، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

مىجىت تۇرسۇن تەرجىمىسى

# «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا جەمئىيەتنىڭ باشلىقى يولداش ئىمىنوۋ ھامۇتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ھەيئەتلەر، مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار!

بايا كۆپچىلىك مېنى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى، بۇنى تولىمۇ شەرەپلىك ھېسابلايمەن. كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزەمنىڭ بىلىم ئىقتىدارىدىن بەكمۇ يۇقىرى بولغان ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس توپلاشقان ئىلمىي تەشكىلاتقا ھازىردىن باشلاپ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭا مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە بارلىق ئەقىل-پاراسىتىم بىلەن روھىمنى ئۇرغۇتۇپ تىرىشىپ ئىشلەيمەن، كۆپچىلىكنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن. دۆلىتىمىزدە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بويىچە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئالامىتى شۇكى، 1984 - يىلى، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ پايتەختى بېيجىڭدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسى ۋە ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 1987 - يىلى يەنە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر زور غەلىبىسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاساسىدىكى ياخشى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئىنكاسى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى ئالامىتى شۇكى، 1986 - يىلى قەشقەردە مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەت-

مىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 120 دىن ئوشۇق ھەرمىللەت مۇتەخەسسىس ۋە ئالىمى يىغىنىغا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنى تاپشۇردى ھەمدە تەسىرات ئالماشتۇردى. يىغىندا تۆۋەندىكى نۇقتىنەزەرلەر ئېتىراپ قىلىندى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى:

1. «قۇتادغۇبىلىك» — ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مېۋىسى؛

2. «قۇتادغۇبىلىك» — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پارلاق جۇڭگو مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى؛

3. «قۇتادغۇبىلىك» — جۇڭخۇا بەدىئىي سەنئەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بويۇملارنىڭ بىرى؛

4. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇرى ھەم پەيلاسوپى.

بۇ ئىلمىي خۇلاسىلەر ئىلمىمىزنىڭ مۇشۇ پەن ساھەسىدە ئېرىشكەن زور ئىلگىرىلەشلىرىنى ۋە نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلدى. شۇنىسى شۈبھىسىزكى، قەشقەر يىغىنى ئىلمىمىزدىكى ئالىملارنىڭ مۇشۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن مول مېۋىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇنداقلا مۇشۇ ساھەدىكى يۈكسەك سەۋىيىسىنى ئىپادىلىدى. مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، قەشقەر يىغىنى ئىلمىمىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى زور بۇرۇلۇش ۋە يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك دۇنياغا كېلىپ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەر بىلەن تونۇشۇش تارىخى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ۋىجدانلىق ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئالىملارنىڭ بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدىلا، نەچچە يۈز يىل بېسىلىپ قالغان «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ئاشكارىلاندى، تونۇشتۇرۇلدى ۋە قەدىرلەندى. ئالاھىدە مەدھىلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چەت ئەللەردە نۇرغۇن كىشىلەر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى قىلىپ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلىم ساھەدە مۇشۇنداق قىزغىن ۋە چوڭقۇر دىققەتنى قوزغىيالىشى ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. مىللەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەنە شۇ تەرىپى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى؛ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىمىز بىلەن بولغان چوڭقۇر تارىخىي باغلىنىشىنى؛ شۇنىڭدەك 11 - ئەسىردىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ چوڭقۇر ۋە مول مەزمۇنى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبى — ئۇنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مۇھىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى نامايەن قىلدى.

2. دەۋر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ نەمۇنىسى، چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن ۋاقىت دەل ئاپتور ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى. شۇڭا، قاراخانىلار سۇلالىسىنى گۈللەندۈرۈش ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر سىياسىئونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە پەيلاسوپلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى بىلىم، ئەخلاق ۋە قانۇننى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە باغلاپ ئۇنىڭغا سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنى ماسلاشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان، دېمەك، بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

3. شەخسىي نۇقتىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» — ئالىمنىڭ ئىلىم تەپەككۇرى، پەزىلەت خۇلقى ھەم بەدىئىي ئوبرازىنىڭ جەۋھىرى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇنچىۋالا كەڭ مەزمۇننى ۋە بۇ مەزمۇنلارغا قارىتىلغان نۇرغۇنلىغان تەدبىرلەرنى داستان شەكلىدە بايان قىلىش ۋە دەللىلەشتەك بەدىئىي تالانتىنى بىر دەۋرنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىسى روشەنكى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش زور سىياسىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي مەزمۇنى تەتقىقات خىزمىتىمىز ئۈچۈن مول ۋە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى.

جەمئىيىتىمىز «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىدۇ، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن توغرا يېتەكچى ئىدىيىگە ۋە توغرا تەتقىقات ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلىش ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ بىر تۈرى. شۇڭا، بۇ تەتقىقات خىزمىتىدە ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلىشىمىز، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، ھەممىدە زامان،

ماكان، شارائىت بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم، تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاشقىمۇ، بېزەپ كۆرسىتىشكىمۇ بولمايدۇ. تارىختىن ھالقىپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. تەتقىقات خىزمىتىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئەمەلىيىتىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چىن مەنادىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىر سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. ئۇ، ئومۇمىي تەتقىقات بىلەن پەنلەرگە ئايرىلغان تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات خىزمىتىمىزدىكى سەۋەنلىكلەرنى ئويلىنىپ كۆرۈش زۆرۈر تېپىلسا، شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، كۆپلىگەن خىزمەتلىرىمىز يەنىلا تونۇشتۇرۇش ۋە بايان قىلىش باسقۇچىدىلا تۇرماقتا. ئېلىمىزدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تېخى تولىمۇ تېيىز بولۇۋاتقان شارائىتتا تەتقىقات خىزمىتىمىزدە تونۇشتۇرۇش ۋە بايان قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز پۈتۈنلەي زۆرۈر، مۇۋاپىق ھەم ئۇ قۇربىمىز يېتىدىغان ئىش. «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىز يېڭى ۋە زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقات نۇقتىمىزنى ۋاقتىدا تەڭشىيەلمەيدىغان بولساق، ئۇنداقتا يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن ئۈمىد كۈتۈشىمىز بەكمۇ تەسكە توختايدۇ.

تەتقىقات خىزمىتىدە دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق مۇھىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

بىلىم ـ كۈچ دېمەكتۇر. بىلىمنىڭ چېكى يوق. ھازىرقى زامانىمىز تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئېلېكترون ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە يېڭى ئۈچ‌ۈر دەۋرى باشلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. پارتىيىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى» ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى راۋاجى بولۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دەۋرىمىز ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارغا ھەم شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا بىزدىن قېتىرقىنىپ ئىشلەشنى، چىداملىق بىلەن ئىزدىنىشنى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەتقىقات ئىشىدا تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۆز ئارا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئوبدان ماسلىشىشىمىزغا توغرى كېلىدۇ، ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىنتايىن كەمتەر

بولۇش زۆرۈر، مەغرۇرلۇق، ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ مەمەدانلىق قىلىش، باشقىلارنى كەمسىتىشتەك پەنگە زىت خاھىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك.

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ تەلپىي بويىچە ئىلمىي جەھەتتە بەس - بەستە سايراشنى قانات يايدۇرۇش — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك دېموكراتىك ھوقۇق. تەتقىقات خىزمىتى چوقۇم دېموكراتىك ئاتموسفېرا قويۇق بولغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. «قوش فاڭجېن» نى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باپ - باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەممە كىشىنىڭ ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش، ھەقىقەتنى تېپىش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇنداقلا ھەممە كىشىنىڭ ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىمۇ بولىدۇ. ئىلىم جەھەتتىكى ھەق - ناھەققە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت.

«قوش فاڭجېن» نى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ئوخشىمىغان پىكىر، سەۋەنلىك، ھەتتا ئېغىر پىكىر ئىختىلاپلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئىتتىپاقلىق بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشنىڭ توپ كاپالىتى. تەتقىقات خىزمىتىنى چوقۇم ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق شارائىتىدە ئىشلىشىمىز زۆرۈر. ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە سالقىن قانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ پاكىت قويۇپ داۋلى سۆزلەش، ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئۆز ئارا يول قويۇش زۆرۈركى، ھەرگىزمۇ قىزىققانلىق قىلىشقا، ئۆز قارىشىنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىشقا بولمايدۇ.

يېقىندا ئاياقلاشقان مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزاسى يولداش خۇچىلى: «ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئالىملارنىڭ شەخسىي قارىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ»، يەنە «ھەم ئىلىم ئەركىنلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پەن تەتقىقاتتا چەكلەنگەن رايون بولماسلىقى كېرەك، لېكىن ئىنتىزام بولۇش لازىملىقىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك» - دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ بىر تۈرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر رىئايە قىلىشقا زۆرۈر بولغان مۇھىم يولیورۇق. ھازىر ئۇل خاراكتېرلىق تەتقىقاتنى ۋە پەنلەر بويىچە قاتلامغا ئايرىلغان مەخسۇس تېمىلىق

تەتقىقاتنى كۈنتەرتىپىمىزگە كىرگۈزىشىمىز لازىم. ھەيئەتلەرنىڭ شۇنىڭدەك «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان يولداشلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشى ۋە تاكامۇللىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيىتىمىزگە ئۆز پىكىر - تەكلىپلىرىنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، جەمئىيىتىمىز كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تارىخ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى جەزمەن ئورۇنداپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قېرىنداشلىرى — بىزدەك جۇڭگو ئالىملىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالايدۇ.

ھەممىڭلارغا رەھمەت.

كىمكى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئويناشسا، ئۆمۈر بويى ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. كىمكى ئۆزىنى - ئۆزى باشقۇرالمىسا ئۇ مەڭگۈ بىر قۇلدۇر.

— «سۆزلەش ماھارىتى ھەققىدە» ناملىق كىتابتىن —

# «شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆلەۋقاننىڭ سۆزلىگەن سۆزى

يولداشلار!

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، تەتقىقات خادىملىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

بىز بۈگۈن بۇ يەردە 11- ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان، مەشھۇر ئەسەر، 11- ئەسىردىكى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى بولغان قىممەتلىك مەنىۋى مىراس «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىنى ئېچىپ ئولتۇرىمىز. بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ساھەسىدىكى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋە باي مەنىۋى مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى مۇھىم ۋە زور ۋەقەدۇر. ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن دۇنيادا قەدىمكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا ئورۇن تۇتۇپ خەلقئارادىكى قەدىمكى مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلمىي خادىملەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان بۇ نادىر ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى يالغۇز ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس بەلكى مەملىكىتىمىزدە ھەم خەلقئارادىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغايدۇ.

« قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى » نىڭ قۇرۇلغانلىقى - « قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقاتىدىكى زور ئىلگىرىلەش ۋە بۇ جەھەتتە شەكىللىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ بىر ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە « قۇتادغۇبىلىك » نى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى « قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقاتىدا مەلۇم نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نادىر ئەسەر ئۈستىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھالدا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقاتچى قوشۇن ئاساسىمىزنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بۇ ئەمەلىيەت مەملىكىتىمىزدىكى،جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىلمىي خادىملىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەنىۋى مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتا تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

« قۇتادغۇبىلىك » — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىپتىخارى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا « قۇتادغۇبىلىك » ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر. ھەر قانداق تەتقىقات خىزمىتىگە ئوخشاشلا « قۇتادغۇبىلىك » ھەققىدىكى تەتقىقاتنى توغرا يول بىلەن ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇل بولۇش لازىم. بۇ ئۇسۇل تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلى. تارىخىي مەدەنىيەتكە تارىخىي قاراش بويىچە مۇئامىلە قىلىش لازىم بولىدۇ. « قۇتادغۇبىلىك » 11 - ئەسىردە يېزىلغان تارىخىي ئەسەر. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى بولغاچ، ئۇنىڭدىن تارىخىي چەكلىمىلەردىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق تەرەپلىرىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

« قۇتادغۇبىلىك » ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمىتىمىزنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، تەتقىقات خىزمىتىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ تېخىمۇ زور، تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق « قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

# «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا دائىر بەزى كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

مەتىمىن يۈسۈپ

1986 - يىلى ئېچىلغان قەشقەر يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپكە بىنائەن، 1987 - يىلى 3 - ئايدا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى. تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار مۇناسىۋەتلىك ئالىملار، تەتقىقات خادىملىرى بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچرىشىپ، ھەرتەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، رەسمىي ئىزدىنىپ ۋە ئەستايىدىل ئىشلەپ، تەييارلىق خىزمىتىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىگە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنى رەسمىي قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ دوكلات يازدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى. تەييارلىق گۇرۇپپىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل، ئۇنۇملۇك ئورۇنلاپ ئاخىرلاشتۇردى.

1. تەتقىقات جەمئىيىتىگە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، شىبە، مانجۇ، يىزۇ قاتارلىق 12 مىللەت زىيالىيلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغانلار ھەم ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلار قاتناشتى.

2. تەتقىقات جەمئىيىتىگە قاتناشقانلار ئىچىدە رەسمىي ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان پروفېسسور، دوتسېنت، كاندىدات باش تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى، ياردەمچى تەتقىقاتچى، لېكتور ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بار.

3. تەتقىقات جەمئىيىتىگە قاتناشقان ئالىم، تەتقىقات خادىملىرى ئىچىدە ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، ئېنگلىزچە، رۇسچە تىللارنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر بار.

4. «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى بىردىر ئورۇن ياكى بىر نەچچە تەتقىقات خادىمى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇنلاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنى كۆپلىگەن پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن بىز بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىگە بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى 27 ئىلمىي جەمئىيەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» كە مۇناسىۋەتلىك پەنلەر بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالىملارنى، تەتقىقات خادىملىرىنى، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپ - تېخنىكوم، پەن تەتقىقات، ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست قاتارلىق 41 ئورۇننىڭ تەتقىقات خادىملىرىنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇردۇق. «قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپە، تارىخ، جەمئىيەت، دىن، قانۇن، مائارىپ، ئائىلە، ئەخلاق، مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، دراماتورگىيە، ھەربىي ستراتېگىيە، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، تەتقىقات جەمئىيىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان ھەر قايسى پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئالىملار ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ دائىرىسىنى كەڭراق قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئەۋزەللىكنى كەڭ مەنىدىن ئويلانغاندا، بەزى دۆلەتلەرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى مەخسۇس تەتقىق قىلغان ئالىملىرى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى پەنلەرگە ئالاقىدار ئۇقتىسىنەزەرلەرنى مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋە مىلادى 1778 - يىلىغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىققان. دېمەك، ئىلىم جەھەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تارىختا ئۆتكەن ئون چوڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغان. مەسىلەن، 1987 - يىلى 8 - ئايدا، مەن جۇڭگو سوۋېت - دوستلۇق زىيارەت ئۆمىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگرات شەھىرىگە بارغىنىمدا، لېنىنگراتتىكى سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىغا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى تەييارلاش ھەيئىتىگە قاتناشقان لېنىنگرات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي پەن نەشرىياتىغا قاراشلىق ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ پروفېسسورلىرىدىن: دارونىك بارىس، گىروگور يوۋىچ، ئى. سى. بىراگىنسكى، ن. يا. دىيناكودا، د. س. لىخاچىيوۋ قاتارلىق ئالىملار قاتناشتى.

ئۇلار بىزگە لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاكادېمىكى ئا. ن. كانونوۋنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە، سېرىنكولايېۋىچ ئىۋانوف تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» كە يۈكسەك باھا بەردى. مەن بېيجىڭدىن موسكۋاغا مېڭىش ئالدىدا، ئىۋانوۋ ۋە كانونوۋقا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئىككىنى، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن بىرنى ھازىرلاپ ئاپارغان ئىدىم. كانونوۋ بىز بېرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغانىكەن.

مەن ئۇلارغا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەقدىم قىلغاندا، ئۇلار ئۇنى ئىككى قوللى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بىر - بىرلەپ سۆرەتكە چۈشۈشتى. ئىۋانوفنىڭ «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ئەسىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىكى «‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى قارلۇق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي مىراس دۇر» دېگەن ئابزاسنى ۋە ئاكادېمىك كانونوۋنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدىكى: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىدۇر» دېگەن مەزمۇندىكى ئابزاسنى بىزگە ئالاھىدە كۆرسەتتى.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ئېلىمىزدىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچە بەزى ئەللەردىمۇ ئالاھىدە قەدىرلەنگەن. ئىۋانوفنىڭ يېقىندا ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى تەكىتلىگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىرىسىنى كەڭراق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

5؛ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەزمىي نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تۆت يىلدىن بېرى «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا تۆت قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بىرىنچى قېتىمى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە — ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى توغرىسىدا تۈزگەن پىلانىغا ئاساسەن ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ خەيلار شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. بىزدىن 13 كىشى قاتنىشىپ، 12 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى، ئىككىنچى قېتىملىقى شەرقىي شىمالدىكى يەنبىيەندە ئۆتكۈزۈلۈپ، بىزدىن 21 كىشى قاتنىشىپ، 27 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى. بۇ ئىككى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئاساس قىلىندى. ئۈچىنچى قېتىمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق تەييارلىق كۆرگەن ئەھۋالدا «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىداكى، مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈز-

دى. تۆتىنچى قېتىمدا شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە قەشقەردە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا ھەر مىللەت ئالىملىرىدىن 120 كىشى قاتناشتى. بۇ تۆت قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» مۇھاكىمە يىغىنىغا 168 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن 76 پارچىسى دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى چۆرىدەپ ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالە توپلىمى ئىشلىنىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بېيجىڭ ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى خەيلار، يەنبىيەن شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى تاللاپ نەشر قىلدى.

6. 1987 - يىلىنىڭ بېشىدا، يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ بېيجىڭدا مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. بۇنىڭغا 21 ئاخبارات ئورنى ۋە بېيجىڭدىكى بەزى ئالاقىدار ئورۇنلار قاتناشتى. سۆھبەت يىغىنىغا يەنە ئىسمايىل ئەھمەت، سۇڭ خەنلياڭ، ھامۇدۇن نىياز، بادەي قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار قاتناشتى. يولداش تۆمۈر داۋامەت سۆز قىلدى. بېيجىڭدىكى بەزى ئاتاقلىق ئالىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ سۆز قىلدى. يەنە يولداش تۆمۈر داۋامەت «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى دېڭ شياۋپىڭ، جاۋزىياڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارغا تەقدىم قىلدى. سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ۋە جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى 12 تىلدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاڭلاتتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەزمىي نۇسخىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يولداش تۆمۈر داۋامەت يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا ۋە «قۇتادغۇبىلىك» كە ئالاقىدار دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭدىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى شىمن بىنسى، ليۇكۇيلى، ۋاڭ پىڭفەن قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار بىلەن كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلەشتى. بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، يولداش تۆمۈر داۋامەت «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇنغا ۋە ۋەنلى ۋېيىۋەنجاڭغا تەقدىم قىلدى، يولداشلار، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئەدەبىي گۆھىرىنى

دۆلەت رەھبەرلىرىگە بىۋاسىتە تونۇشتۇرۇش، شەكسىزكى، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان زور خۇشاللىق ئىش. «قۇتادغۇبىلىك» نى ھەر قېتىم تىلغا ئالغىنىمىزدا، بۇ زور ئەمەلنى قوللاشنى مەدھىلىمەي تۇرالمايمىز.

7. «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان پۈتكۈل ئىلمىي پائالىيەتتە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەن تارىخىي دەۋرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار تەشۋىق قىلىندى. بۇ ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس ئورنىتىلدى. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىكى مەقسەت: بۇ جەمئىيەت ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك» نى رەسمىي تەتقىق قىلىش باسقۇچىغا يۆتكەش بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 85 بابىنى بىر ـ بىرلەپ پەنلەر بويىچە تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئەزىرىنى تىكلەپ، چوڭقۇر ۋە كونكرېت تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرىنى تاللاپ بېكىتىشى كېرەك. تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆز ئەزالىرىنىڭ تېمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا بارلىق ئەزالارغا تەتقىقات پىلانى جەدۋىلى تارقىتىمىز. ھەممىز بىر ئەزا ئۆزىنىڭ تولدۇرغان تەتقىقات پىلان جەدۋەلنى تاپشۇرۇشى لازىم.

8. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى 98 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ نەزمىي نۇسخىسى، خەنزۇچە نەسرى نۇسخىسى، ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە نەشرگە تەييارلاش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئىمنوفھامۇت باشچىلىقىدا 15 كىشىلىك تەھرىر ھەيئىتى ۋە بىر كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىش» بەلگىلەنگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ 10 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 98 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «قۇتادغۇبىلىك» كەسپىي گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. يېقىندا بىز «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ بۇلتۇر كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرماسلىقى توغرىسىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەتتىن يوليورۇق سورىغان ئىدۇق. رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى 98 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى يەنىلا كۈچكە ئىگە، مەزكۇر تەھرىر ھەيئىتى يەنىلا مۇشۇ ھۆججەتنىڭ روھى بويىچە ئۆز رولىنى داۋاملىق

جارى قىلىپ، «رقۇتادغۇبىلىك» نىڭ تېخى ئورۇنلانمىغان ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ » دېگەن يوليورۇقنى بەردى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرى نۇسخىسى بىلەن ئىندىكسى تېخى ئىشلەپ بولۇنمىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىگە قاتناشقان ھەر مىللەت ئالىملىرى ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر كۆڭۈل ـ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتىرىشنى ئۈمىد قىلىمىز .

△ كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى شۇ كىشىنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

—شۆي ۋې—

△ تۇرمۇش ـ تىنىپ تىنچ ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەر قاچان دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ ئىرادىگىنى سىنىشى، ئىجەزنىڭ نى تاۋلىشى مۇمكىن. پەقەت جاسارەتلىك كىشىلەرلا دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

(ليومىڭنىڭ «تۇرمۇش ماڭا شۇنداق ئۆگەتتى» ناملىق كىتابىدىن)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

(1988 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ماقۇللاندى)

بىرىنچى ماددا: جەمئىيەتنىڭ نامى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى، قىسقارتىپ «شىنجاڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى» دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى ماددا: خاراكتېرى

بۇ تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر مىللەت كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى تەتقىقات خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىلمىي تەشكىلات.

ئۈچىنچى ماددا: مەقسىتى

1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەتقىقات خىزمىتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش.

2. ئاساسىي قانۇننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەت جەھەتلەردىكى رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلىم جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە بەس - بەستە

سايراشقا ئىلھام بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول قويۇش بىلەن تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ۋەتىنىمىز بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

3. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتى ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونلىرىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دوست ئاپپاراتۋە شەخسلەر بىلەن ئىلمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، تەتقىقات سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش.

تۆتىنچى ماددا: ۋەزىپىسى

1. پەن تەتقىقات قوشۇنى تەشكىللەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئىلمىي دوكلات يىغىنى ۋە ئىلمىي لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك» نى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ پەنلەر بويىچە ئۇنىۋېر سال تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش.

2. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى جەھەتتە چوڭ تىپتىكى ئىلمىي پائالىيەتكە ئاكتىپ رىياسەتچىلىك قىلىش، ئۇنى ئاكتىپ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىش، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلار بىلەن بولغان تەتقىقات خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە قويۇقلاشتۇرۇش، خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش.

3. خەلقى ئالەمگە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەتقىقاتنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن، قەرەلسىز ژۇرنال چىقىرىش، شەرت شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە قەرەللىك قىلىپ ئۆزگەرتىش.

4. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى توپلاپ ۋە پىلانلىق تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، تەتقىقات جەمئىيىتى ئەزالىرىنى تەتقىقاتتا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىش.

5. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى قەرەلسىز ھالدا توپلام قىلىپ ئىشلەپ نەشر قىلىش، ئەزالارنىڭ مەلۇم ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە چوڭ تىپتىكى

مەخسۇس ئەسەرلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق ياردەم بېرىش.

بەشىنچى ماددا: ئەزالىرى

جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت شۇغۇللىنىشنى خالىغان ھەر ساھە، ھەر مىللەت كەسپىي ۋە غەيرى كەسپىي تەتقىقات خادىملىرى بۇ تەتقىقات جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇشقا بولىدۇ. ئەزالار-نىڭ ئىلتىماسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار ئاپپاراتىدا كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەزالاردا جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقىش ئەركىنلىكى بولىدۇ. ئىككى يىل ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمىگەنلەر جەمئىيەت-تىن ئۆزلىكىدىن چېكىنگەن دەپ قارىلىدۇ.

ئالتىنچى ماددا: ئەزالارنىڭ ھوقۇقىي ۋە مەجبۇرىيىتى

1. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىش، تەتقىقات جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاش، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا رىئايە قىلىپ، قارارلىرىنى ئىجرا قىلىپ، تەتقىقات جەمئىيىتىنى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش. شۇنىڭدەك ئەزالارنىڭ يەنە تەتقىقات جەمئىيىتى تاپشۇرغان باشقا خىزمەت ـ ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپ ئورۇنلاش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

2. سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ.

3. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كىتاب، ماتېرىيال، گېزىت، ژۇرناللىرىنى ئارىيەت-كە ئېلىپ كۆرۈش ھوقۇقى بولىدۇ.

4. تەتقىقات جەمئىيىتىگە تەكلىپ بېرىش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

5. ئەزالاردا ئەزالىق بەدىلى تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئاساسىي ئىش ھەققى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار يىلىغا بىر يۈەن، ئاساسىي ئىش ھەققى 200 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلار يىلىغا ئىككى يۈەن ئەزالىق بەدەل تۆلەيدۇ.

يەتتىنچى ماددا: تەشكىلىي ئاپپاراتى

1. ھەر يىلى بىر نۆۋەت جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىدۇ؛ يىغىندا شۇ يىللىق خىزمەت خۇلاسە قىلىنىپ، كېيىنكى يىللىق ۋەزىپە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

2. ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلىدۇ. ئېھتىياجغا قاراپ كېچىكتۈرۈپ ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىشقا بولىدۇ. كېچىكتۈرۈش ياكى بۇرۇن ئېچىشنى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار رەھبەرلىك ئاپپاراتى مەجلىس ئېچىپ قارار قىلىدۇ.

3. قۇرۇلتاي — تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگانى بولۇپ، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ياكى ئۇنى تۈزىتىدۇ. تەتقىقات جەمئىيىتى دائىمىي ئىشلار رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قارار چىقىرىدۇ. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنى سايلايدۇ؛ مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىدۇ.

4. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى دائىمىي ئىشلار رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەشكىل قىلىپ، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، دائىما قەرەللىك ھالدا مەسلىھەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ.

5. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دائىمىي ئىشلار رەھبەرلىك ئاپپاراتى قارىمىقىدا بىر قانچە كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىنىپ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمكارلاشتۇرىلىدۇ.

6. تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولىدۇ، ئىشلەيدىغان ئورنى شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىدا بولىدۇ.

كۈچلۈك ئىرادە - ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشاققەت ئىچىدە تاۋلىنىدۇ. ئۈمىتسىزلىك گىردابىدا جان تالىشىپ، ئورنىدىن دەس تۇرغانلارلا ھەقىقىي كۈچلۈكلەردۇر.

«ياشلىقىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق كىتابتىن.

# شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئىسىملىكى

جەمئىيەتنىڭ پەخرى باشلىقى: تۆمۈر داۋامەت (ئۇيغۇر)

جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى:

چىڭ خىۋا (خەنزۇ)
ليوكولى (//)
شىن بىنسى (//)
نىغمەت مىنجانى (قازاق)
ئۇيغۇر سايرانى (ئۇيغۇر)
ۋاڭ پىڭفەن (خەنزۇ)
ۋاھاپ خىۋېر (ئۇيغۇر)
ئىمىن تۇرسۇن (//)

جەمئىيەتنىڭ باشلىقى:

ئىمىنوۋ ھامۇت (ئۇيغۇر)

جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى:

مەمتىمىن يۇسۇپ (ئۇيغۇر)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (//)
ئەخمەت زىيائى (//)
ئابدۇشۈكۈر تۇردى (//)
ليو جىشاۋ (خەنزۇ)
سەي سەنجىڭ (//)
شەرىپىدىن ئۆمەر (ئۇيغۇر)

جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى:

مۆمىن ئابدۇللا (ئۇيغۇر)

جەمئيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى:

| | |
|---|---|
| جاڭ خوڭچاۋ | ( خەنزۇ ) |
| ئابدۇكېرىم راخمان | ( ئۇيغۇر ) |
| ليۇ بىڭ | ( خەنزۇ ) |

## « قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقات جەمئيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى

( ئۇيغۇر ئالپاۋىت تەرتىپى بويىچە ئىلمىندى )

| | |
|---|---|
| ئابدۇكېرىم خالىق | (ئۇيغۇر ) |
| ئابدۇرېھىم سابىت | ( // ) |
| ئابدۇرېھىم ھاشىم | ( // ) |
| ئابلايۇف ئابلەق | ( // ) |
| ئابلىھەت ئۆمەر | ( // ) |
| ئابلىھىمىت رېھىم | ( // ) |
| ئابلىھىمىت روزى | ( // ) |
| ئابلىكىم باقى | ( // ) |
| ئابلەي ئابلىھەق | ( // ) |
| ئابلىھىمىت ھاجى | ( // ) |
| ئابلىھىمىت ئىسمايىل | ( // ) |
| ئابدۇرىشىت ئىسلام | ( // ) |
| ئابدۇرىشىت سابىت | ( // ) |
| ئابدۇللا تالىپ | ( // ) |
| ئابلا مەھەممەت | ( // ) |
| ئابدۇللا مەتقۇربان | ( // ) |
| ئابلا ئۆمەر | ( // ) |
| ئابلىز ياقۇپ | ( // ) |
| ئابلىز ئىبراھىم | ( // ) |
| ئابلىز نازىر | ( // ) |



ئابلىز ئۆمەر ( ئۇيغۇر )
ئابلىز ھوشۇر ( // )
ئابلىز ( // )
ئابدۇسالام توختى ( // )
ئابدۇشۇكۇر مەتىمىن ( // )
ئابدۇشۇكۇر يالقۇن ( ئۆزبېك )
ئابدۇۋەلى خەلپەت ( ئۇيغۇر )
ئابدۇۋەلى ( // )
ئابدۇقادىر ئابلەھەكىم ( // )
ئاپرىل سەمەت ( // )
ئاۋۇت توختى ( // )
ئايشەم ئەخمىدى ( // )
ئامانۇللا ( // )
باۋۇدۇن توختى ( // )
باۋۇدۇن قادىر ( // )
بوغدا ئابدۇللا ( // )
دىلبەر قەييۇم ( // )
دۇشاۋيۈەن ( خەنزۇ )
ئمزىز ساۋۇت ( ئۇيغۇر )
ئېزىز ( ئۇيغۇر )
ئېزىزۇپ قاسىم ( // )
گېڭ شىمىن ( خەنزۇ )
گۈلزار مەتىمىن ( ئۇيغۇر )
خاۋ گۇەنجۇڭ ( خەنزۇ )
خىۋىر تۆمۈر ( ئۇيغۇر )
خوجا ئابدۇللا ( ئۇيغۇر )
ئىمىن ئابباس ( // )
ئىمىن راشىدىن ( // )
ئىمىن ئەخمىدى ( // )
ئىبراھىم ئېلى ( // )

ئىبراھىم نىياز (ئۇيغۇر)
ئىبراھىم دىلشات ( // )
ئىمام ( // )
ئىمام ( // )
ئىسلامجان ( // )
ئىسمائىل ( // )
ئىسرايىل ( // )
جاڭ يۈ (خەنزۇ)
جاڭ فىڭۋۇ ( // )
لى يۇڭ ( // )
لى چىڭۋى ( // )
مەمتىمىن نورۇز (ئۇيغۇر)
مەمتىمىن ( // )
مەمتىمىن خۇدابەدى ( // )
مەمتىمىن ھوشۇر ( // )
مەمتىمىن لىتىپ ( // )
مەمتىلى زۇنۇن ( // )
مىجىت قاسىم ( // )
مىجىت باقى ( // )
مىجىت خۇدابەدى ( // )
مىر سۇلتان ( // )
مىر كامىل ( // )
مەخسۇت ئەكبەر (ئۆزبېك)
مەتروزى (ئۇيغۇر)
مەھمۇت يۇسۇپ ( // )
مەھمۇت زەيىدى ( // )
مەھمۇت نىزام ( // )
مەھەممەت سالى ( // )
مەھەممەت سىدىق تۆمۈر ( // )
مەھەممەت زۇنۇن ( // )
مەھەممەت ئوسمان ( // )



| | |
|---|---|
| مەھەممەت ئېلى | ( ئۇيغۇر ) |
| مەھەممەت شاۋدۈن | ( // ) |
| مەھەممەت شانىياز | ( // ) |
| مەھەممەت ئوسمان | ( // ) |
| مەھەممەتجان سادىق | ( // ) |
| مۇشۈنىلىڭ | ( خەنزۇ ) |
| مۇكەرەم | ( ئۇيغۇر ) |
| مۆختەبەر | (ئۆزبېك) |
| مۆيىددىن سايىت | (ئۇيغۇر ) |
| نەسرۇللا | ( // ) |
| نىجات ئەخمەتجان | ( // ) |
| نىزام ئىسمايىل | ( // ) |
| نۇر مەھەممەت زامان | ( // ) |
| نۇر مەھەممەت مۆيىددىن | ( // ) |
| ئوبۇل ئىسلام | ( // ) |
| ئوبۇلقاسىم | ( // ) |
| ئۇچقۇنجان | ( // ) |
| ئوسمان ھەسەن | ( // ) |
| پاتىخە | ( قازاق ) |
| پىدا دۆلەت | ( ئۇيغۇر ) |
| پەيزۇللا ئىمىنوۋ | ( // ) |
| پېلىڭ باۋ | ( شىۋە ) |
| چىلىڭشى لىيەڭ | ( خۇيزۇ ) |
| رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا | ( ئۇيغۇر ) |
| سابىت ئەخمەت | ( // ) |
| ساملىڭ | ( خۇيزۇ ) |
| سىراجىددىن | ( ئۇيغۇر ) |
| سىيىت زۇنۇن | ( // ) |
| سەمەت خىۋىر | ( // ) |
| تاھىرجان مەھەممەت | ( // ) |
| تاھىر تالىپ | ( // ) |

| | |
|---|---|
| تېيىپجان ھادى | (ئۇيغۇر) |
| توختى ئاباخان | ( // ) |
| توختى ھاجى روزى | ( // ) |
| تۇرسۇن رەخمىتۇللا | ( // ) |
| تۇرسۇن كېرىم | ( // ) |
| تۇرسۇن قۇربان | ( // ) |
| تۇرسۇن ئەرشىدىن | ( // ) |
| تۇرسۇننىياز | ( // ) |
| تۇرسۇن سادىق | ( // ) |
| تۇرسۇن رىشات | ( // ) |
| تۇرسۇنئاي ساقى | ( // ) |
| تۇرغۇن ئالماس | ( // ) |
| ۋاھىتجان غوپۇر | ( // ) |
| ۋاڭ باۋ | ( يىززۇ ) |
| شېرىن قۇربان | (تاجىك) |
| شۇي زۇڭجىلىڭ | (خەنزۇ) |
| يۈسۈپ قاسىم | (ئۇيغۇر) |
| يۈسۈپ ھۆسەيىن | ( // ) |
| يۈسۈپجان ئېلى | ( // ) |
| يۈەن جىگاڭ | (خەنزۇ) |
| يۈەن شىلى | ( // ) |
| زارىپ دۆلەت | (تاتار) |
| زوردۇن سابىر | (ئۇيغۇر) |
| زۇنۇن قادىر | ( // ) |
| غازى ئەخمەت | ( // ) |
| غەيرەت ئۇسمان | ( // ) |
| غۇجاخمەت | ( // ) |
| غوجەك | ( // ) |
| ھاجى ئەخمەت | ( // ) |
| ھاجى نۇرھاجى | ( // ) |
| ھاكىم جاپپار | ( // ) |

| | |
|---|---|
| ھەمىت مەخسۇت | ( ئۇيغۇر) |
| ھەمىت نىياز | ( // ) |
| ھەزىم قاسىم | ( // ) |
| ھۆسىيىن كېرىم | ( // ) |
| قادىر ئەكبەر | (ئۆزبېك) |
| قاغىبەك | (قازاق) |
| قېيىيۇم تۇردى | (ئۇيغۇر) |
| قېيىيۇم غوجا | ( // ) |
| قۇربان بارات | ( // ) |
| قۇربان ۋەلى | ( // ) |
| ئەخمەت پاسار | ( // ) |
| قۇربان ئەلى | ( // ) |
| ئەخمەتبېك | (قازاق) |
| ئەخمەتجان ئەسقەر | (ئۇيغۇر) |
| ئەخەت تۇردى | ( // ) |
| ئەلقەم ئەختەم | ( // ) |
| ئەنسەرىدىن | ( // ) |
| ئەنۋەر بايتۇر | (قىرغىز) |
| ئەرشىدىن تاتلىق | (ئۇيغۇر) |
| ئەسقەر ھۈسىيىن | ( // ) |
| ئەۋەلقان | (قازاق) |
| ئەشرەپ ئابدۇللا | (ئۇيغۇر) |

# يېڭى قەدەمدىن يېڭى ئۈمىد

(قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

1

مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىرانسكرىپسىيىلىك نەزمىي يەشمىسى نەشردىن چىققاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىلىم - پەن خادىملىرى بۇ ئەسەرنى زور قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى ۋە قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەتبۇئاتلاردا يۈز نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. 1986 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى پايتەختتە نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» تېمىسى مەخسۇس ھالدا كەڭ مۇھاكىمە قىلىنىپ، خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ھەتتا بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرى ھەم تەتقىقات ئەھۋاللىرى ھەققىدە بەزى چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدىمۇ مۇھىم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىقات قوشۇنى ھەر مىللەتتىن چىققان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش تەتقىقات خادىملىرى ھېسابىغا كۈنسايىن ئۇلغايماقتا. تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ مەزمۇنى بېيىماقتا.

بىراق «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز ئومۇمەن يەنىلا باشلانغۇچ ھالەتتە، يەنە تونۇشتۇرۇش، تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز تېخى چوڭقۇرلاشمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەممەيلەننىڭ ئارزۇسى ۋە دەۋرىمىزنىڭ جىددىي تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان ياخشى بىر ئىش. ياكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بويىچە ئالغا تاشلانغان يېڭى بىر قەدەم بولدى. بۇ يېڭى قەدەمدىن يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتىكى مەسىلە تەتقىقاتنى قانداق قىلىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى يولداشلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە سوۋغا قىلىمەن.

2

«قۇتادغۇبىلىك» — تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» ئۈستىگە جايلىشىپ، شەرقتە بۇدداچى قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن، غەربتە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان بىر قانچە تۈركى ۋە پارس خەلقلەر خانلىقلىرى بىلەن قوشنىدارچىلىقتا كەڭ تېررىتورىيە بويلاپ ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەن قارا خانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلىدۇر. ھالبۇكى، قارا خانىلار دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۆتۈكەن مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش بىلەن بىللە ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ، مۇشۇنىڭدەك ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىق قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى، قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئارقىلىق بۇددا مەدەنىيىتىنىڭمۇ بەزى ئامىللىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىك» غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بىرەر تارىخى قەھرىمان ھەققىدىكى ئېپوس، ياكى بىرەر ئەپسانىۋى ئىشىق - مۇھەببەت داستانى ئەمەس، شۇنداقلا، پەند - نەسىھەتنى ئاساسى تېما قىلغان نوقۇل دىنىي كىتابمۇ ئەمەس، بەلكى قارا خانىلار دەۋرىدىكى رېئال تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ۋە مۇئەللىپىنىڭ بىر قاتار پەلسەپىلىك قاراشلىرىنىڭ شائىرانە مەجمۇئەسىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئىلمىي، ھەم بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى قىزىقىدىغان، ھەممە ساھەلەرنى دېگۈدەك مەسىلەن: سىياسى، ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق، مائارىپ، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات — سەنئەت، تىل، مىللەتشۇناسلىق، فولكلورچىلىق (يەنى كەڭ

مەلمە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن)، ھەربى ئىلىم، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەردۇر. ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ بىرىكمىسى ۋە خۇلاسىسى بولغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى (مەسىلەن: كائىنات، تۆت تادۇ، تىبابەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر ھەممۇلاھىزىلەر) تەبىئىي پەن تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۇششاقلاپ كەلگەندە، يۈزلەرچە تېمىغا بۆلۈنىشى ۋە بۇ تېمىلارنىڭ ھەر بىرى مەخسۇس بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: «چۆگەن» ياكى «چەۋگەن» (ئاتلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل توپ ئويۇنى) پۈتۈن كىتاب بويىچە ئەڭ ئاز تىلغا ئېلىنغان ياكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئانچە كۆپ قوزغاتمايدىغان بىر تېما، ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، قارا خانىلار دەۋرىدە چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلىدىغان دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ بۇ ئويۇننى بىلىشى شەرت ئىدى (2635 - بېيىتكە قاراڭ). بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زاماندا چەۋگەن ئويۇنى بولغان ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەن. ناۋايى ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، چاغاتاي خانلىرى دەۋرىدىمۇ، چەۋگەن ئويۇنى خېلى كەڭ تۈردە ساقلىنىپ قالغان، ھازىرقى كۈندە بەزى كىشىلەر «بۇ ئويۇن شەرق ئەللىرىگە ياۋروپا دىن كىرگەن» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئويۇن كېيىنكى چاغلاردا غەرب ئەللىرىگە كەڭ تارقالغان. لېكىن، بۇ ئويۇننىڭ ئەسلى ئىگىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قانداق قىلىپ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، يەنى بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە نېمىشقا ساقلىنىپ قالمىغانلىقىنى تېخى ھېچكىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە ئەمەسمۇ؟

دېمەك «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئومۇمىي گەپنى قويۇپ، ھەر بىر كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋاقتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنچىدىن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئېلىپ بارغاندا، تەتقىقات مەقسىتىگە يەتمەك ئاسانراق بولىدۇ. مەلۇمكى تارىخىي ئەسەر ياكى تارىخىي شەخسىيلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت قەدىمكىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالايلۇق، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بەرپا قىلىش بولۇۋاتقان شارائىتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ئۆلچەملىرى بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزگە تەتبىق قىلىنسا، بۇنىڭدىن ياخشى

نەتىجىلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى تەبىئىي ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «گۈزەل ئەخلاق كىشىنىڭ مەنىۋى كامالەتكە يېتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل» دەپ قارايدۇ. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەخلاق تېمىسى ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ، قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئەخلاق تەربىيىسىگە شۇ قەدەر مۇھتاجدۇركى، بۇنىڭسىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «قۇتادغۇبىلىك» تە تەكىتلەنگەن بىر قىسىم گۈزەل ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى، يەنى ھەقىقىي ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى نەچچە ۋاقىتتىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇپ يۈزە بايان قىلماي، بۈگۈنكى رېئال جەمئىيەتكە مەقسەتلىك ھالدا جۈرئەتلىك تەتبىق قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى چوقۇم چوڭ بولاتتى.

دېمەك، تەتقىقاتنى تېمىلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشتا قەدىمكىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە رېئاللىققا قانچە كۆپ تەتبىق قىلىنسا، شۇنچە كۆپ ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئاندىن قالسا، تەتقىقات شەيئىلەرنىڭ ماھىيەت ۋە ئىچكى قانونىيىتىنى ئىلمىي مېتود بىلەن ئىزدەش ياكى تېپىپ چىقىش دېمەكتۇر. ئىلمىيلىق ئالدى بىلەن چىنلىقنى، ئىجادىي ئىشلەشنى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەقىقىي كەمتەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلىم قىلچە ساختىلىقنى، ھەرقانداق مۇبالىغىنى ياقتۇرمايدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنداق ئىستىللار بىلەن چىقىشالمايدۇ. بۇ، ھەممەكىشى بىلىدىغان ئاددىي ساۋات. لېكىن، بىزدە ئىلمىي مېتودقا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىش يېتەرلىك بولماي كەلدى. بۇ ئاساسەن تەر تۆكۈپ ئىزدىنىش بىلەن مۇستەقىل پىكىر قىلىشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىدە، بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا سالماقلىق بولماسلىقتا، ھەتتا باشقىلارنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى دورامچىلىق بىلەن كۆچۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئىپادىلىنىماقتا. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئاپتور 1982 - يىلدىكى بىر ماقالىسىدە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «تۆرتلىكلەر» (رۇبائىيلار) ھەققىدە توختىلىپ، «شېئىرىيەتنىڭ رۇبائىي ژانىرى ئۆمەر ھەييامدىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت بولسا كېرەك، چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆمەر ھەييام تەسىرىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت يوق» دېگەن مەزمۇندىكى قىياسىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئارىدىن بىر ئىككى يىل ئۆتكەندە، يەنە بىر ئاپتور «قۇتادغۇبىلىك» تىكى رۇبائىيلار توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە يۇقىرىدىكى قىياسىي پىكرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالغانىنىڭ ئۈستىگە ھېچبىر تەكشۈرۈش - تەتقىق يۈرگۈزمەستىنلا، «رۇبائىينىڭ بوۋىسى ئۆمەر ھەييام ئەمەس،

يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق دەپ قەتئىي ھۆكۈم بېرىش تېخى بالدۇرراق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلە تەل - تۆكۈس تەكشۈرۈلگىنى يوق.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشالىشى سىلىقىدا بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى مەخسۇس تەتقىقات زېمىنىنىڭ تارلىقى، يەنى بىرەر مەخسۇس مەجمۇئەنىڭ يوقلىقى بولسا كېرەك. شۇنىڭ تۈپەيلى تەتقىقات خادىملىرى ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا تەنقىد. چەتئەللەرنىڭ ئۇتۇق - كەمچىلىكلىرىنى يەكۈنلەش، شۇنىڭدەك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ھەتتا تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، ھەر خىل تىلدىكى ماتېرىياللارنىڭ قىسلىقى تەتقىقاتنىڭ كەڭ قانات يېيىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

---

يۇقىرىدىكىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت تۇرغان شارائىتتا، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى. بۇ جەمئىيەت «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتىدا ھەر جەھەتتىن چوقۇم ئىجابىي رول ئوينايدۇ دەپ ئىشىنىمىز. ھەر مىللەت تەتقىقات خادىملىرىنىڭ سەممىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش جەريانىدا چوقۇم يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد چوڭ.

△ ھايات كىشىگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇ، ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاشلا قىممەتلىك. ئەمما بىر كىشىنىڭ ھاياتى ئامما ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنلا بولسا، ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ تۇرغانلا بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھامان ھايات تۇرىدۇ. گەرچە قېرىپ زەئىپلىشىشتىن ۋە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشتىن خالىي بولالمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرى، ئاممىنىڭ ئىشلىرى ئۆلمەيدۇ. ئۇ، «مەڭگۈ ياش» تۇرىدۇ.

— چۇي چيوبەي —

# « قۇتادغۇبىلىك »نىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى

مەھمۇت زەيدى

(كاندىدات باش تەتقىقاتچى، «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى)

ئىلاۋە: بۇ بىر ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى ماقالە. ئاپتور بۇ ماقالىنى قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى جەريانىدىكى كۆپ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ خاتىرە (ئارخىپ) لىرىگە ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىپ چىققان. ژۇرنىلىمىز بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىشلەنگەنلىكىنى كىتابخانلارغا بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ ماقالىنى باستى — تەھرىردىن.

XXX XXX XXX

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى بىلەن ترانسكرىپسىيەسى (تېكست) 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە ئىشلىنىپ 1984-يىلى 5-ئايدا بېيجىڭدا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

بۇنىڭ تەپسىلىي جەريانى مۇنداق:

جۇڭگو خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىدىكى كۆزلەرنى چاقنىتىپ تۇرغان مەشھۇر نامايەندىلەردىن — «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن «دىۋانولۇغاتىت تۈرك»، دۇنياغا داڭلىق ئەسەرلەردۇر.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتىنى ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ يولداش ھامۇت ئىمىنوپ مەسئۇللىقىدا ئون بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر تەھرىر ھەيئىتىنى تەسىس قىلغان ئىدى. بۇ ھەيئەت تەركىبىدە: ھامۇت ئىمىنوپ، مەمتىمىن يۈسۈپ، ئابدۇسالام ئابباس، ئابلىز نازىرى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ليۇجىشاۋ، ۋاڭگولىن، پەتتارجان مۇھەممەدى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابلەت ئۆمەر، ئەلقەم ئەختەم، قەييۇم تۇردىلار بولۇپ، ھەيئەت باشلىقلىقىغا ھامۇت ئىمىنوپ، مۇئاۋىنلىرىغا مەمتىمىن يۈسۈپ ۋە ئابدۇسالام ئابباس بەلگىلەنگەن ئىدى.

ھەيئەت قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ھەم نەسرىي يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئاخىرىدا ئىندىكس (سۆزلۈك) قىسمىنى نەشرگە تەييارلاشقا مەسئۇل بولغان ئىدى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن مەمتىمىن يۇسۇپ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئا ئۆتكۈر، ليوجىشاۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ بۇ كىتابنى رەسمىي ئىشلەشكە كىرىشكەن ئىدى.

قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا 80 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامۇت ئىمىنوپ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 98 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقاتتى. ھۆججەتتە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ئۈچ بابنى تاللاپ ئەسلى (ئورگىنال تېكىستى)، ترانسكرىپسىيەسى، ھازىرقىزامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي ۋە نەسرىي شەرھىسى بويىچە تۆت خىل شەكىلدىن پايدىلىنىپ، ھەم كەسپىي خادىملارنىڭ ئېھتىياجىغا، ھەم كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ئۆرنەكنى سىناق تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇش كىرەكلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى. مۇشۇ كۆرسەتمىگە بىنائەن 1980 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ خىل ئۆرنەكنى ئىچىگە ئالغان بىر لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بىرىنچى ئۆرنەك ترانسكرىپسىيەلىك مەتىن (تېكىست) بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي شەرھىدىن ئىبارەت. ترانسكرىپسىيەلىك مەتىن شەرتلىك ھالدا ئەسەر تېكىستىنىڭ (مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە مەيلى ئەرەب يېزىقىدىكى قولىيازما كۆچۈرمىسىنىڭ) توغرا ئوقۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىي (نەزمە) شەكىلدە شەرھىلەشتىن مەقسەت: قۇتادغۇبىلىك داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەزمىي شەكلىدە يېزىلغان نادىر بەدىئىي ئەسەر بولغانلىقتىن، شېئىرىيەتتىكى نەزمىي تۈرنى ئەينەن ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭدەك يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئىپادە جەھەتتىلا ئەمەس، ۋەزىن، قاپىيە جەھەتتىمۇ قۇتادغۇبىلىكنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە قەدىمكىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە مىللىي بۇرچىمىز. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلىدىكى شەرھىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەش ئەمەلىيىتى بۇ شەرەپلىك بۇرچنى ئورۇنلاش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شۇ بىر نۇقتىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، قۇتادغۇبىلىك پەلسەپەۋى پىكىر ۋە نازۇك بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن داستان بولغانلىقتىن بەزى مىسرالار تەھرىر ئىلاۋىسى ئارقىلىق شەرھىلەندى. بۇنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى كۆپلىگەن ئىزاھلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى ئۆرنەك :

ترانسكرىپسىيەلىك مەتىن بىلەن شېئىرىي شەرھىگە نەسرىي شەرھىي ئىلاۋە قىلىنغان، يەنى: ترانسكرىپسىيە، شېئىرىي شەرھى ۋە ئاددىي نەسرى شەرھىدىن تەركىب تاپقان.

ئۈچىنچى ئۆرنەك :

كىتابخانلارنى ئەسەرنىڭ ئەسلى قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ بىرى بىلەن بولسىمۇ تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ترانسكرىپسىيە ۋە شېئىرىي شەرھىنىڭ ئالدىغا ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسلى بېيىت قەدىمكى ئىملاسى بىلەن ئىلاۋە قىلىندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەنگەن نۇسخىلىرىنى (مەتبەدە بېسىپ كىتابچە قىلىپ تەييارلانغان) ئايرىم مۇزاكىرە، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى 80 - يىل 9 - سىنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى، تىل - ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، تىل - يېزىق ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى يازغۇچى - شائىرلار، نەشرىيات، گېزىتخانىلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىر ۋە تەھرىرلىرى ھەمدە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچى خادىملاردىن بولۇپ 50 كىشى قاتناشتى. يىغىننى ش ئۇ ئار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامۇت ئىمىنوپ باشقۇردى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىناق قىلىپ ئىشلەنگەن نۇسخىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئىزاھات بەردى. ئاندىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىشلىنىش ئەھۋالى ۋە بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتى.

يىغىندا دېموكراتىيە كەڭ جارى قىلىنىپ، ھەر قايسى ساھەدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، يازغۇچى - شائىرلاردىن 28 كىشى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ پىكىرلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، سىناق ئۈچۈن تەييارلانغان نۇسخىلار ئىچىدە بىرىنچى ئۆرنەك ياخشى، رەسمىي نەشر قىلىشتا مۇشۇ نۇسخا مۇۋاپىق دەپ تەكىتلەشتىن ئىبارەت بولدى.

قۇتادغۇبىلىك داستانىنى سىناق قىلىپ ئىشلەش ئىلمىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىسى بىر نەچچە كۈن خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، يىغىن جەريانىدىكى پىكىرلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم مۇلاھىزە ئېلىپ باردى ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەيرەتنى ئاشۇرۇپ، ئىلمىي كۈچلەرنى جەلپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كىلاسسىك ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش، يەنە بىر تەرەپتىن بەنزىنى تولۇقلاش، خىزمەت تەقسىماتىنى كونكرېتلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلىدى.

80 ـ يىل 11 ـ ئايدىن باشلاپ، خىزمەت بەنزىسىدە مۇنۇ گۇرۇپپىلار تەشكىل قىلىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىلدى:

1. قۇتادغۇبىلىكنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە ئىشلەش گۇرۇپپىسى: ئۆتكۈر، ئەخمەد زىيائى، مەمتىمىن يۈسۈپ ۋە ئىسمايىل تۆمۈرى؛

2. ترانسكرىپسىيە گۇرۇپپىسى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلامۇھەممەت، مەھمۇد زەيىدى؛

3. نەسرىي ئىشلەش گۇرۇپپىسى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەر؛

4. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى: لىيۇجىشاۋ، خاۋگەنچۈن. لىيۇبىن، جاڭ خۇڭچاۋ؛ مەسلىھەتچى: ئۆتكۈر. خىزمەت بەنزىسىگە ھاموت ئىمىنوپ باشلىق، مەمتىمىن يۈسۈپ مۇئاۋىن باشلىق بولدى. بۇ گۇرۇپپىلار «قۇتادغۇبىلىك» بۇ قەدىمىي ئېسىل يادىكارلىقنى قانداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ھەر بىر سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى قانداق ئېلىش، ئۇ سۆزنىڭ ھازىرقى شەكلىنى قانداق بېكىتىش مەسىلىلىرى ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم پرىنسىپلار تۈزۈلۈپ، ئىشىمىزنىڭ ھەم ئىلمىي، ھەم ئاممىباپ ئىشلىنىشىگە كېپىللىك قىلىش قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىز ئىشنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ باردۇق. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چىققان قۇتادغۇبىلىككە دائىر ئەسەرلەرنى كۆردۇق ۋە مۇلاھىزە قىلدۇق. بىزدە يەنە بەزى پايدىلىق شارائىتلار بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ 50 ـ يىللاردىلا قۇتادغۇبىلىكنى بىر قېتىم ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمەت بەنزىسىگە قاتناشقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئاز ـ تولا تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاكتىپ قوللاپ بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئەھۋالىشىپ غەمخورلۇق قىلدى، يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

قۇتادغۇبىلىكنى ئىشلەش، تەتقىق ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، دىئالېكتىك ۋە تارىخىي ماتېرىيا- لىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى، ئۇسۇلى بىلەن« قەدىمكىنى هازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ،قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى يېتەكچى قىلدۇق. بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەللىرىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، بىر قانچە دۆلەت ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغان ھەمدە نەشىرمۇ قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەر خىل ئۇسلۇب قوللانغان ۋە بەزى بىر خاتا كۆز قاراشلاردىنمۇ خالى بولالمىغان. بەزىلىرى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى سىڭدۇرۇشكە ئورۇنغان ۋەھاكازا. بۇ قېتىم بىز قۇتادغۇبىلىكنى نەشىر- گە تەييارلاشتا بۇنداق ئەھۋاللاردىن ساۋاق ئېلىپ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتتۇق .

قۇتادغۇبىلىك داستانى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك نەمۇنىسى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا تاۋلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىغا، ئېتنىك ئەھۋالىغا ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئاساس بولىدىغان يادرولار ساقلىنىپ قالغان. نۇرغۇن ساندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى - ئەرسەلۇل مەسەل تەرىقىسىدە بېرىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ساقلاپ قېلىنغان. بۇ داستاندا مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ خىللىق ژانىرلىرى ساقلاپ قېلىنغان. كىتابنىڭ ئۆزى شەرق ئەدەبىياتىدا داستان ژانىرىنىڭ بۈيۈك ۋە مۇكەممەل بىر شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نەچچە يۈز- لىگەن روبائى، ماقال - تەمسىل، مەسەل ۋە بىر قىسىم تەجنىس ... قاتارلىقلار بار. قىسقىسى بۇنىڭدا چەكسىز جاۋاھىرات بار .

داستاننى نەشىرگە تەييارلاشتا ئەدەبىياتنىڭ ۋارىسلىق ئەنئەنىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇندىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ھەم پايدىلىنىشى ھەم كونىسىدىن يېڭىسىنى يارىتىشىغا ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن پرىنسىپلارنى جانلىق قوللاندۇق. مۇمكىن قەدەر ئۆز ژانىرىنى، ۋەزنىنى، پىكورلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەردۇق. لېكسىكىلىق جەھەتتىن داستاندىكى بىر مۇنچە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا هازىرغىچە ساقلانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ خىل سۆزلۈكلەرنى شۇ بويىچە ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېئىرىي ۋەزنىنى ساقلاش ئېھتىياجى بىلەن بەزى مىسرالاردىكى « ئا - ئە » تاۋۇش- لىرى شۇ بويىچە (تىلەسە، ئالمادى ...) ئېلىندى. مورفولوگىيە جەھەتتىن ئايرىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كەلدى. ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر

تىلدا كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ سۆز ئارىسىدا چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. چۈنكى بۇ ھالمۇ ئايلىنىپ كېلىپ ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبى، شېئىرىنىڭ ۋەزنىگە ئالاقىدار ئىدى .

ئومۇملاشتۇرغاندا: قۇتادغۇبىلىك داستانىنى نەشرگە تەييارلاشتا ھەر بىر سۆز، مىسرا ۋە بېيىتلار ئۈستىدە تەكرار مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىپ بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى تۈركچە، ئۆز بەكچە ئىشلەنگەن نۇسقىلاردا قانداق ئېلىنغانلىقىنى ۋە قەدىمكى تۈركى تىللار لۇغىتىدە قانداق ئىزاھلانغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ھاياتىي كۈچى بار ياكى يوقلۇقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلدۇق، بېكىتتۇق. نەشرگە بېرىلگەن ئورگىنال قولدىن-قولغا 13 قېتىم ئۆتۈپ ئاندىن نەشرىياتقا ئۆتكۈزۈلدى.

ھايات گويا ياپيېشىل دەرەخ. ئۈمىد ئۇنى سۇغار-غۇچى بۇلاق سۈيى. دەرەخ سۇدىن ئايرىلسا قۇرۇپ قالىدۇ. ئۈمىدتىن ئايرىلغان ھاياتنىڭ داۋام قىلىشى تەس.

«ياشلىقىڭىزنى قەدىرلەڭ» ناملىق كىتابتىن.

# «قۇتادغۇ بىلىك» ئىگەسى — فەيلاسوف، ئۇيغۇر ئالىمى خاس ھاجىپ يۈسۈپ

ئەھمەد زىيائى

[ئاتاقلىق شائىر ئەھمەد زىيائى يېزىۋاتقان «ئىلمىي ئابىدەلىرىمىز ئۇنىڭ ئىجادچىلىرى يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» نامدىكى 15،000 مىسرالىق تارىخىي، تەتقىقىي، ئەدەبىي داستانىنىڭ 22 ـ بابىدىن ئاخىرقى بىر ئۈزۈند].

ساياھەتچى كەل! ئارام ئال بىر نەپەس،
شۇ مىقدار بىلەن قىل بۇ كۈن يولنى بەس.
بۇ كۈن ئانچىلا قىسقا يول باسمىدىڭ،
خىيال ئېتىنىڭ تېزگىنىن تارتمىدىڭ.

يۈرۈپ كەتتى ئۇ، ئالدىغا ئىنتىلىپ،
باردىڭ سەنمۇ كورگەنلىگە قىزىقىپ.
نەسىپ بولدى كورمەك، يۈسۈپ چار بېغى،
چېلىقتى كۆزۈڭگە، يورۇق چىرىغى.

زوھور قىلدى ئالدىڭدا ـ ئالىم كىشى،
ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىشى.
روشەنلەشتى قەلبىدىكى غايىسى،
مۇشۇنداق تىرىشمىقنىڭ مەنىسى.

بولغاچ شەخسىيەتتىن ۋۇجۇدى يىراق،
بېغىشلىغاچ ئۆزىنى، ئىلىمگە بىراق،

قويۇپ كەتكەچ ئۇ يادىكار بىر ئەسەر
ئەسەرلا ئەمەس بىر خەزىنە گۆھەر.

تېنى ئۆلسىمۇ ئۇ ئۆزى ئۆلمىگەن.
كۆمۈلگەن، لېكىن ئىلىم ئۇنى كۆممىگەن.
ئۇنىڭ ھۆرمىتى شەرەپنى قارا!
بۇنى سەن ئۇنىڭ قىلمىشىدىن ئارا.

قېنى شۇ زامانىنىڭ قاراخانىلىرى.
مانا مەن دېگەن بەگ، سۇلتانلىرى.
قېنى خەزىنىلەر توپلىغان بايلىرى،
ئۇلار ياسىغان قەسىر ئايۋانلىرى.

بۇلار بارىنى ئويلىغىل سەن - قېنى ؟
بۇ كۈن كىم ئۆتتۈپتۇ، قىلىپ ياد ئۇنى
ئى ئەۋلاد! شەرەپ ئىلىم ھېكمەتكە خاس
پۈتۈن ياخشىلىقلەرگە ئۇدۇر ئاساس.

تىرىش توختىما! ئىلىم - پەننى ئۆگەن
ئىلىم بەختنى تېزگىنلىگۈچى - يۆگەن.
مانا مىڭ يىل ئۆتكەندە، سانسىز قەلەم،
ئىلىم ھۆرمىتىگە چېكىشىپ رەقەم،

قىلىشما قىتلار ئۇلار يۈسۈپنى ياد،
شۇ خىلدا ئۇنى ياد ئېتىشتىن مۇراد:
مۇقەررەركىدۇر، ئىلىم ئەۋزەللىكى،
ئۇلارنىڭ بىلىمنى ئۆگەنگەنلىكى.

ئۆگەن! ئۆگىنىش بولسۇن ئۇ يولدىشىڭ
ئۆگەنگەندىلا تۈزىلۇر ھەر ئىشىڭ.

ئۆگەن! بىل! ئۆگەندىم ـ بىلمەن دېمە!
بىلمىدىن سېنى توسمىسۇن ھېچ نېمە.

بۇ ھەقتە قىممەتلىك يىگانە ئەسەر،
جۇڭخۇا ئىلمىي خەزىنىسىدە بىر گۆھەر.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىگەسى ـ فەيلاسوف،
ئۇيغۇر ئالىمى خاس ھاجىپ يۇسۇپ.

نېمە دەيدۇ: ئەيتقانلىرىن دەپ ئۆتەي،
ئۆزۈمنىڭ نەسىھەتىمنى بەس ئېتەي:

6608 بىلۈرمەن تەسەسەن بىلىكدىن يىراق،
بىلىك سىزكە ساندىڭ بىلىكلى ئارا

6609 بىلىك بىر تىڭىز ئول ئۇچسى يوق توفى
نەچە سۇ كۆتۈرگەى سەمورگوك سورا ...

يەشمىسى:

6608 بىلۈرمەن دېسەڭ سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ بىلىملىك ئارا.

6609 بىلىم بىر دېڭىز ئول ئۇچى يوق تۇۋى،
نەچەلىك سومورگەي سو سوندۇك شورا ...

ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئادەم بەخت-
سىز ئادەمدۇر.

— «مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» دىن —

# «قۇتادغۇبىلىك» — بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم

(شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەھمۇت زەيىدى

«قۇتادغۇبىلىك» كە باغلاپ مۇھەببەت،
شىنجاڭدا قۇردۇق بىز ئىلمىي جەمئىيەت.
ئۇ بىر چوڭ قامۇسدۇر ھېكمەتكە تولغان،
ئالىمىز ئۇنىڭدىن ياخشى تەربىيەت.

★

ئەدىپلەر ئەھلىنىڭ سەردارى يۈسۈپ،
شۇ ئەلدە تۇغۇلۇپ يېتىلگەن ئۈسۈپ.
ئەسىرلەر ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈكۈپ،
بىر قامۇس قالدۇردى — قۇتادغۇبىلىك.

خانلىققا ھۆكۈمدار — كۈن تۇغدى ئېلىگ
بەختكە سىمۋول — ئاي تولدى تېتىك.
ئادالەت ئاسماننى يۆلەشكە تۆۋرۈك،
شۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قۇتادغۇبىلىك.

يۈسۈپ خاس ئۆگىنىپ رېئال تۇرمۇشنى،
بىلىمنى ئىگەللەپ دەۋر سۈرۈشنى،
بىلىمگە تايىنىپ ئەلنى تۇتۇشنى،
كۆرسەتكەن داستاندۇر — قۇتادغۇبىلىك.

جاھانـدا بىلىم ئەڭ توغرى، نۇرلۇق يول،
بىلىمنى ئىگەللەپ ھۆرلۇك ئالۇرقول.
بىلىم بىلە ئىنسان كۆككە سالۇر يول،
دەپ روشەن كۆرسەتكەن — قۇتادغۇبىلىك.

دۆلەتنى باشقۇرسۇن ئادىل بىر قانۇن،
جازاغا تارتىلسۇن قان ئىچەر مەلئۇن.
قانۇندىن خالايىق بولۇشسۇن مەمنۇن،
شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن — قۇتادغۇبىلىك.

مەملىكەت گۈللىنەر ئۆتكۈر قەلەمدە،
دۈشمەنلەر نابۇد دۇر غالىپ ئەلەمدە،
بۇ ئىككى بىرلەشمە ھەر بىر ئۆتكەلدە،
دۆلەتكە يار بولۇر — قۇتادغۇبىلىك.

ئېيتقان ئۇ: سائادەت بىلىمدىن كېلۇر،
بىلىم ئۆگەنگەنلەر قۇدرەتلىك بولۇر،
ئىزىدىن توزۇماس بوستانلار ئۇنۇر،
ئالەمدىن ئۆتسىمۇ ئالىمدۇر تىرىك.

ئوخشاتقان بەختنى ھۇركەك كىيىككە،
ساقلاشنى بىل دېگەن ھەر قىز — يىگىتكە،
ئىرادە باغلىساڭ ئۇلۇغ ئىستەككە —
يېتىسەن دەپ يازغان — قۇتادغۇبىلىك.

تىرىشىپ ئوقۇساڭ ئەقىل تېپىلۇر،
ئالىمغا ئېتىگلىك ئىشىك ئېچىلۇر،
ئىپاردىن خۇشپۇراق ھەر يان چېچىلۇر،
شۇنداق دەپ ئۆگەتكەن — قۇتادغۇبىلىك.

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ۋە ئىسلاھات

جاۋفىڭچى

دۆلىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈم ـ پارتىيىمىز كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىغاندىن كېيىن چىقارغان مۇھىم يەكۈنى، 11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان سوتسىيالىزمغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا نىسبەتەن قايتا تونۇش ھاسىل قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم مەھسۇلى، شۇنداقلا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىزنى، ئومۇملۇققا ھەم سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ھەم ماكرولۇق سىياسەت مەسىلىسىگە دائىر تونۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق ئىلگىرىلەش دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، پەلسەپە، سىياسەت قاتارلىق ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بۇ مۇھاكىمىلەر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاساسىي مەنىسى، ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى گەۋدىلىنىش ئىپادىسى، ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىلەر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن چۈشەندۈردى. دېمەك ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى — ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى؛ مۇرەككەپلىكى ـ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئەھۋالىنى؛

ئۆزگىرىشچانلىقى بولسا تەرەققىيات جەريانىدا بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزىلەر تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، «گودەكلىكى» دىن ئىبارەت دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى يەتتە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈلدى:

(1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جەھەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك؛

(2) ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلغانلىقى؛ (3) ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش؛ (4) ھاكىمىيەتنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى؛ (5) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت؛ (6) خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇلىشى؛ (7) ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ كاپىتالىزمدىن ئېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر «يۇقىرىقى يەتتە تەرەپ سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ، مۇشۇ يەتتە تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكنىڭ گودەكلىكى» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر يەنە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېپىشتا، ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىشتا توغرى كېلىدىغانلىقىنى؛ يۇقىرىقى يەتتە خىل ئالاھىدىلىكتىن چەتنىگەن ھالدا ئىزدەنگەندە تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكىنى زادى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، تاپقان تەغدىردىمۇ دەل ئۆزىنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇنداقتا، ئېمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى زادى نېمە؟ بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۈستىدە قانداق ئىزدىنىشىمىز، تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك؟
تارىخى تەجرىبىلەر، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا مەلۇم خاراكتېردىكى بىر نەچچە ئوخشىمىغان باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالى، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلىنىڭ ئورتاقلىقىدىن سىرت يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق مەسىلىلەر ۋە ھەر بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى رېئال ئەھۋالىنى كۆزەتكەندە، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەرەققىياتىدىن، بولۇپمۇ 8 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۆۋەن باسقۇچ توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ئەھمىيىتى زادى نېمە؟

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ئېتىراپ قىلىپ تۆۋەن باسقۇچنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگەللەش — پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇشتا بولىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى بېكىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى. شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى. سوتسىيالىزمنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىپلا قالماستىن بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاجىزلىقتىن بىر قەدەر مۇكەممەللىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مۇبادا بىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر ئارقىدا قالغانلىقتىن بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي پاكىتنى ئېتىراپ قىلمىدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئىقتىسادىي ئىسلاھات سىياسىتى ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، ئىلغار ياكى قالاقلىقىغا ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم ئۆلچەمنىڭ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

لېنىن سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى دىئالېكتىكىلىق تەرەققىيات نەزەرىيىسى بويىچە كۆزىتىپ مۇنداق دېگەن: «ماركسنىڭ بارلىق نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنى ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئەتراپلىق ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەكشۈرگەن، شۇنداقلا كاپىتالىزمنىڭ يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىق مەسىلىسى بىلەن كوممۇنىزمنىڭ كېلەچەك تەرەققىيات مەسىلىسىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىقلا كۆزەتكەن» (لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى 3 - توم، 243 - بەت). بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى دەل مۇشۇنداق ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل، ئەڭ مەزمۇنغا باي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزىتىشىمىز كېرەك. لېكىن تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىلگىرى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئۈستىدە توختالغاندا ھەددىسىلا تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇقلىقى، ئۆتكۈنچىلىكى، ۋاقىتلىقلىقى قاتارلىقلارنى تەكىتلەپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ باسقۇچلۇق، دائىملىق، مۇقىملىقىغا سەل قارالدى، ھەتتا تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئۈستىدە قانچىكى ئۈزۈل - كېسىل سۆزلەنگەنسېرى بۇ خىل باسقۇچلۇق، دائىملىق ۋە مۇقىملىقتىن چەتنەپ كېتىلدى. دىئالېكتىكىلىق

نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا مەسىلىنىڭ ئالدىنقى تەرىپى مۇتلەق بولۇپ، دائىملىق، مۇقىملىقلارنىڭ ھەممىسى نىسبىي بولىدۇ. نىسپىلىقتىن ئايرىلماي تۇرۇپ مۇتلەقلىقتىن سۆز ئېچىشتەك بۇ داۋلى ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتە مۇنازىرە بولمىسىمۇ پەلسەپەنى بىلمەيدىغانلىكى يولداشلار ماددا نەزەرىيىسى ۋە ھەرىكەت نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە توختالغاندا ھامان مۇشۇ داۋلىدىن سۆز ئاچىدۇ. ئەمما نەزەرىيىنى قوللانغاندا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن كۆزەتكەندە پەقەت تەرەققىياتنىڭ مۇتلەقلىقىنىلا سۆزلەپ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ نىسپى مۇقىملىقىنى ئىنكار قىلىشتەك خائىشلار كۆرىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىنى تېزرەك ئۆزگەرتىپ سوتسىيالىزم يولىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ ئىمكان قەدەر تارىخ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلغىنىدەك، كوممۇنىزمدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل غايىمۇ قانچە تېز ئىشقا ئاشسا ئۇ چاغدا ئىشلار تازىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي مۇساپىلەردىن قارىغاندا مەيلى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ھەر قانچە گۈزەل ۋە كۈچلۈك بولسۇن، قانداق سىياسىي تەدبىر قوللىنىلغان بولسۇن، كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قەدەم قويۇشنى ھەر قانچە مەردانە سۆزلەر ئارقىلىق جاكالىغان بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچى رولى ۋە تارىخ تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانونىيىتى ھامان يۇقىرى ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنى سەگەكلەندۈرىدۇ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىغان ئاساستا قەدىمىنى تەڭشەپ يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىمەتتىدۇ.

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى بىلدۈرىدىكى، كىشىلەر شەيئىلەرنى، بولۇپمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان شەيئىلەرنى تونۇشتا ھەمىشە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان تونۇش پەقەت ئەمەلىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى داۋامىدىلا ئاندىن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدىلا ئاندىن ئاساسى كەۋدىنى ئۈزلۈكسىز سەگەكلەشتۈرگىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شاۋپىڭ تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاپ مۇنداق كۆرسەتتى: «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ ماركسىزم دېگەن نېمە؟ ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىز تازا ئوچۇق بولماي قالغان» («جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى، 25 - بەتكە قاراڭ). ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەگەر يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىمىزنى ناھايىتى كۆپ دېسەك شۇ تەجرىبىلەرنىڭ مۇھىمى بىرى، سوتسىيالىزمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قانداق قۇرۇش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت» (يۇقىرىقى كىتابنىڭ 103 - بېتىگە قاراڭ).

بىز سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ. جۇڭگونى گۈللەندۈرەلەيدۇ ۋە دۆلىتىمىزنى گۈللىنىپ ياشناشقا باشلىيالايدۇ. بىراق سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئىدىيىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا توغرا تونۇش بولمىسا سوتسىيالىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بەلكى تەۋرەككۈلچىلىككە بېرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇھىم نەتىجىمىز شۇ بولدىكى سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى تونۇشىمىز ئىلگىرىدىن كۆپ ئايدىڭلاشتى، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەسلەش ئارقىلىق ماركسىزمچە ئىلمىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئۇقۇم تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى ۋە كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزمغا قوشۇپ قويۇلغان نەرسىلەرمۇ تەدرىجىي بىر تەرەپ قىلىنىش ئارقىلىق ئايدىڭلاشتى، شۇنداق قىلىپ ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن سوتسىيالىزمغا خاس بولمىغان خۇسۇسىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك چېگرىنى ئاجرىتىۋېلىشىمىز ۋە بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا سوتسىيالىزمدا ھەقىقىي يوسۇندا چىڭ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىلدى. ناھايىتى روشەنكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈش، قانچىكى مەركەزلەشتۈرۈلسە شۇنچە ياخشى بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانلاش ۋە سەپلەش تۈزۈمىنىلا سوتسىيالىزم دەپ قاراش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتماستىن «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ قانچىكى چوڭ، قانچىكى ئومۇمىي، قانچىكى ساپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، شۇنچە سوتسىيالىزم بولىدۇ دەپ قاراش، تەقسىمات جەھەتتە سوتسىيالىزمدا باراۋەرلىكنى يولغا قويغانلىق كەڭ تەقسىماتچىلىقنى ۋە «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش»نى يولغا قويغانلىق بولىدۇ دەپ قاراش، ۋەھاكازالار ...... بۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇلار ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تېگىشلىك تەبىرى بولماستىن بەلكى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇلغان نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەرنى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى دەپ ھېسابلاش بىر خىل تەۋرەككۈلچىلىكتۇر، قوشۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنى ئىنقىلابىي بىر تەرەپ قىلغاندىلا ئاندىن ئاڭلىق ھالدا ئىلمىي سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى تارىخىدا ھەددىدىن تاشقىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن،

قاتماللاشقان ئىقتىسادى تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشى پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا ئىگە، كاپىتالىزمنىڭ مۇھاسىرىسى، ئۇرۇش مۇھىتى ۋە ئۇرۇش تەھدىتى، كەسكىن سىنىپىي كۈرەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ھەددىدىن تاشقىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادى شەكىلنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ ـ شەرت شارائىتتۇر، مۇشۇمەنادىن ئېيتقاندا بۇ خىل شەكىلنىڭ تارىختا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بار، ھەمدە مۇئەييەن شارائىتتا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان. لېكىن تارىخىي شەرت-شارائىت تامامەن ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل شەكىلگە سوتسىيالىزمنىڭ «ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىردىن بىر شەكلى» دەپ قارالسا تۈزۈلمە ۋە ئىدىيە قاتماللىشىپ قالغان بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان بۇ خىل قاتمال شەكىلگە چىڭ ئېسىلىۋېلىش ئەمەس بەلكى بۇنى ئىسلاھات ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىمىز ھەرگىزمۇ شەكىلدە چىڭ تۇرۇش بولمايدۇ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن قاتماللىشىپ قالغان شەكىلدە چىڭ تۇرۇشنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن كېيىن قوشۇپ قويۇلغان ھەمدە سوتسىيالىزمغا خاس بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى ئايرىۋېلىشىمىز لازىم.

شۇنداقلا ماركسىزمدا ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بىز «مودا» بولۇپ قالغان بەزى نەرسىلەرنى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئۇرۇنۇشلارغا زادى قوشۇلمايمىز. چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ماھىيەت جەھەتتىن بىر ئىش، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى دوگما ھالدا كۆچۈرۈۋېلىشنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. ئۆتكەندە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرى ھەققىدىكى بىر قىسىم قىياسلار دوگمىلىشىپ قالغانلىقى ياكى بۇ توغرىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن سوتسىيالىزم توغرىسىدا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە تۈپتىن ماس كەلمەيدىغان بەزى كۆز قاراشلار بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدىن بىز ئاز بولمىغان ئازاب چەكتۇق. لېكىن بۇ ماركسىزمنىڭ ئۆزىدىكى خاتالىق بولماستىن بەلكى ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا قارىتا دوگماتىزملىق پوزىتسىيە قوللانغانلىقىمىزدىن بولدى. ئۆتكەندە بىز «سولچىللىق» خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋەتكەندىمۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىكى بەزى قاراشلارنى خاتا چۈشەندۇق ياكى دوگمىلاشتۇرۇپ قويدۇق. ھەتتا سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىپ ئېزىتقۇ تۇمان ئىچىدە ئويغۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق، چۈنكى بۇنداق خاتا چۈشەنچە ياكى دوگمىچىلىق ئاشكارا ھالدا سىنىپىي كۈرەشنى كۈچەيتىشنىڭ «ئاساسى» بولۇپ قالدى، سوتسىيالىزم باسقۇچ-

نىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش مەسىلىسىدە ئوخشاشلىقلار بارمۇ - يوق ؟ ئۆتكەندە بۇ
سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچىدا باشتىن - ئاياق « تۈزۈلمە » ئاسپېكتى » ئاساسى لۇشيەن» نى تۈزۈپ
بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ھەمدە مۇشۇ ئاساستا « ئاساسىي لۇشيەن» نى تۈزۈپ
چىققانلىقىمىزنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ « سولچىللىق » خاتالىقى بولۇپ
ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە تۈپتىن خىلاپ بولغان خاتا مۆلچەر. بىز بۇ تەجرىبە ساۋاق-
لارنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. سەككىز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلاھات خىزمىتىدە
زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. ئىسلاھاتنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا
ئەگىشىپ چوقۇم تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز، ئۆتكەنكى تارىختا ۋە بۈگۈنكى
ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىۋاتقان ھەر قانداق دۆلەت
ئاخىرى ئىسلاھات يولىنى تاپقان، ھەممىسى ئىسلاھات ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ، قەدەم
ئىلگىرى كېيىن، شەكىل ۋە ئالاھىدىلىكلەر ھەر خىل بولسىمۇ ئىسلاھات ھەممىنىڭ
ئالدىدا تۇرغان ئومۇمىي خاراكتېرلىق مەسىلە بولۇپ قالدى، بۇ تەجەپلىنەرلىك
ئەمەس. چۈنكى بۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە،
سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا شۇنداقلا
كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ھەققىدىكى
تەلىپىگە ئۇيغۇن. پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن ئىسلاھات ئىقتىسادى
جەھەتتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئىدىيە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى
كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتى يەنە نەزىرىيىنىڭ تەرەق-
قىياتى ئۈچۈن بىزنى ئەڭ ھەرىكەتچان، ئەڭ ئەملىي مەنبە بىلەن تەمىنلىمىدى.
يولداش جاۋزىياڭ نەزەرىيىۋى خىزمەتتە ئەمەلىيەتتىن، تۇرمۇش كۆز قارىشىدىن
ئايرىلىپ، كونا ئىزدا توختاپ قالىدىغان قاتمال كۆز قاراشلارنىڭ يەنىلا ئېغىر
ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ بىر قىسىم يولداشلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ قويىۋاتقان-
لىقىنى خېلى بالدۇرلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى، پۈتكۈل ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش
جەريانىدا ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىن داۋاملىق تۈردە ساقلىنىشىمىز لازىم.
كونا ئىزدا توختاپ قالىدىغان قاتماللىق كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن
ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندى-
لا ئاندىن نەزەرىيە خىزمەتلىرىمىز ئالغا باسىدۇ. ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالىغىلى
بولىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەت ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

| ئىلمىي جەمئىيەت نامى | مۇناسىۋەت باغلىغان ئورنى | تېلېفونى |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى | 22948 |
| // تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | 38435 |
| // قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى | 27532 |
| // مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى | |
| // تىل ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | 37166 |
| // ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ گېزىتخانىسى | 42711 |
| // دىن ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى | 37045 |
| // ئىختىساسلىقلار تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى | 75542 |
| // نوپۇس ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق توغۇت كومىتېتى | 27731 |
| // كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى | 24221<br>24771 |
| // ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى | 22626 |

| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلوق لوگىكا<br>تەتقىقات جەمئىيىتى | شىنجاڭ سىفەن داشۆ | 41233 |
| // لۇشۇن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-<br>سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى | 41233 ئار-<br>قىلىق 217 219 41114 |
| // مىللەت تەتقىقاتى ئىلمىي<br>جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي<br>ئىشلار كومىتېتى | 76404 |
| // جۇڭگو كومپارتىيە تارىخىي<br>تەتقىقات جەمئىيىتى | شىنجاڭ داشۆ | 22929<br>ئارقىلىق |
| // ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەر-<br>لىرى تەتقىقات جەمئىيىتى | | 22948<br>ئارقىلىق |
| // ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي<br>جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە<br>مەكتىپى | 22948 |
| // ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدىيە<br>سىياسىي خىزمىتى تەتقىقات<br>جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق<br>پارتىيە مەكتىپى<br>/ / / | ئارقىلىق |
| | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم<br>ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمى | 22961<br>ئارقىلىق |
| // ئاممىۋىي مەدەنىيەت ئىلمىي<br>جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مەدە-<br>نىيەت نازارىتى | 573<br>23622<br>28055 |
| // پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىنىڭ<br>ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى<br>تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە | |

مەكتىپى 22948
ئارقىلىق 238

ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ
// سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇش
// ئىشلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى

شىنجاڭ سىفەن داشۆ 41233
ئارقىلىق 336

// پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى
ئاپتونوم رايونلۇق
پىلانلىق تۇغۇت
كومىتېتى 27872

// ئائىلە مائارىپى تەتقىقات
جەمئىيىتى
ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار
بىرلەشمىسى 24016

// ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى
شىنجاڭ سىياسىي قانۇن
باشقۇرۇش كادىرلىرى
ئىنستىتۇتى 37938

// مۇئەييەنلەر خىزمىتى
ئىلمىي جەمئىيىتى
ئاپتونوم رايونلۇق
ئىتتىپاق كومىتېتى 26319

// جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي
جەمئىيىتى
ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ئىشلىرى نازارىتى

+// ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات
ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ 36404
ئىجتىمائىي پەنلەر 38218
ئاكادېمىيىسى 37283

+// غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى
جەمئىيىتى
شىنجاڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي

## پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى 76796

| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | | 76336 |
| | ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى | 27509<br>27697 |
| // بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى | 28267 |
| // ئىستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى | 27490 |
| // ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك-كادىرلار نازارىتى | 24481<br>ئارقىلىق 330 |
| // پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى | 22697 |
| // شەھەر پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى | 28351<br>ئارقىلىق 381 |
| // يېزا پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى | 28351<br>ئارقىلىق 298 |
| // مۇپەتتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى | 24451<br>ئارقىلىق 518 |
| // باج ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى | 24249 |

| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق ستىراخوۋانىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ستىرا- خوۋانىيە شىركىتى | 27518 |
| // ئاز سانلىق مىللەت ئىقتىسادىي تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى | 26563 |
| // چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق چار- ۋىچىلىق نازارىتى | |
| // ماددىي ئەشيا ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 26778 |
| // سودا ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى | 27129 |
| // سەھىيە ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى | 22122 |
| // ئاشلىق ئىقتىسادى تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى | 27607<br>ئارقىلىق393 |
| // مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو خەلق قۇرۇ- لۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى | 22655 |
| // ھەرىكەت پەنى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتى | 76387 |

| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق كارخانا باشقۇرۇش جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىـسادىي كومىتېت | 43527 |
| // زاۋۇت باشلىقلىرى خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېت | 43527 |
| // پىلان ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى | 27139<br>27995 |
| // قۇرۇلۇش قىلغۇچى كار- خانىلارنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئارقىلىق | 24485<br>242 |
| // قۇرۇلۇش قىلغۇچى كار- خانىلار جىگىلىرى خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى | |
| // باھا ئىلمىي جەمئىيىتى (تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ) | ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسى | 78711 |
| // يېزا ئىگىلىك ئىقتىسا- دىي ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى ئارقىلىق 232 233 | 44315<br>239 |
| // پۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى | 24943<br>22697<br>41114 |
| // موڭغۇل تىل - يېزىقى ئىلمىي جەمئىيىتى | | |
| // شىبە تىل - يېزىقى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ سىغەن داشۆ ئارقىلىق 217 | 219<br>77020 |



| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق قىرغىز تىل - يېزىقى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى | 25711 |
| تاتار تىل - يېزىقى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ داشۆ | 22929 |
| | ئارقىلىق | 300 |
| // ياپون تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتى | 24481 |
| | ئارقىلىق | 394 |
| // دۇنيا تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ داشۆ | 77786 77787 |
| | ئارقىلىق | 362 |
| // خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى | 25566 |
| // چەت ئەل ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ داشۆ ئارقىلىق | 22929 |
| // يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ داشۆ ئارقىلىق | 22929 |
| // مەدەنىي يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئازارىتى | 37284 |

(بۇ يىل قۇرۇلغان ئىلمىي جەمئىيەتلەر بۇنىڭ سىرتىدا)

---

ئىزاھات: بەتلەرنىڭ تارامقى يۇقىرىسىدىن «ئاپتونوم رايون» دېگەن خەتنىڭ ئورنىغا «//» بەلگىسى بەردۇق.



4. شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىل-مىي جەمئىيەتلەر بىر-لەشمىسى باھار باي-رىمى كۆرۈشۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى.




5. ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە تەربىيە نەزەرى-يىسى ئىلمىي مۇھا-كىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈل-دى.



6. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم ئائىلە تەربىيە نەزەرى-يىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا.